


ئەركىن ئابلىمىت ئاتچاپا

# ئازغۇنلار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئەركىن ئابلىمىت ئاتچاپا
1962 - يىل 7 - ئايدا مارال -
بېشى ناھىيەسى ئاتچاپا
(يېڭىئۆستەڭ) يېزىسىدا تۇ -
غۇلغان. سابىق شىنجاڭ سىيا
سىي قانۇن ئىنستىتۇتى (ھا -
زىرقى شىنجاڭ ساقچى ئوفىت -
سېرلار ئالىي تېخنىكومى) نىڭ
قانۇن كەسپىنى پۈتكۈزۈپ،
1988 - يىل 8 - ئايدا قەشقەر
ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت
مەھكىمىسىگە تەقسىم قىلىنىپ
ھازىرغىچە شۇ يەردە ئىشلە -
ۋاتىدۇ. ئۇ سوت كاتىپى.
ياردەمچى سوتچى. سوتچى.
باش سوتچى بولۇپ ئىشلە -
گەن خىزمەت جەريانىدا كۆپ

ئەركىن ئابلىمىت ئاتچاپا

# ئازغۇنلار

( راست ئىشلار خاتىرىسى )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

误入歧途的人们：维吾尔文 / 艾尔肯·阿布力米提著.
——喀什：喀什维吾尔文出版社，2010.8
ISBN 978-7-5373-2012-2

Ⅰ. ①误… Ⅱ. ①艾… Ⅲ. ①纪实文学—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I25

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第168391号

责任编辑：姑丽巴哈尔·麦麦提依明
责任校对：坎拜尔古丽·吾斯曼

# 误入歧途的人们

作者：艾尔肯·阿布力米提

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米　1/32 开本　5 印张
2010 年 8 月第 1 版　2010 年 8 月第 1 次印刷
印数：1——3000　　定价：13.80 元

# كىرىش سۆز

بۇ كىتابتىكى ۋەقەلەر بەكمۇ قەبىھ، بەكمۇ قورقۇنچلۇق. بىراق ئۇ ھەر بىر ئوقۇرمەنگە ئالدىراڭغۇ ـ قىزىققان بولماسلىقنى، نادانلىق، گالۋاڭلىق، تەلۋىلىكتىن ساقلىنىشنى، شەرمەندىلىك، بېشەملىك، سەۋرسىزلىك قىلماسلىقنى، قارا نىيەتلىك، قانخورلۇق، ئىپلاسلىقتىن يىراق تۇرۇشنى، ئەخلاقسىزلىق، دىيانەتسىزلىك، شەخسىيەتچىلىككە چەك قويۇشنى، سەمىمي، ئەستايىدىل ياشاشنى، سەزگۈر، تەدبىركار، ئەتراپلىق، تەمكىن، سەۋرچان بولۇشنى ئۆگىتىش رولىغا ئىگە.

ھەر بىر ئەسەرنى ئوقۇغاندا قورقۇشىڭىز، كېچىلىرى ئۇخلىيالماي قېلىشىڭىز، ھەتتاكى، قاتتىق غەزەپلىنىشىڭىز، ئىچ ـ ئىچىڭىزدىن ئاچچىق يۇتۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق چاغدا ئىككىلەنمەڭ، يەنىلا باشقا تېمىلارنىڭ مەزمۇنىغا نەزەر سېلىشتىن يالتىيىپ قالماڭ. چۈنكى، ھەربىر تېمىدىكى ئاچچىق سەرگۈزەشتىلەر سىزگە ياشاش جەريانىدا نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە يولۇققاندا قانداق قىلىش، قانداق قىلماسلىق، تۇرمۇش، خىزمەتتە ئۆزىنى قايسى ئورۇنغا قويۇش، باشقىلارنى قايسى ئورۇنغا قويۇش، روھىنى نېمە بىلەن تاۋلاش، نېمىدىن يىراق قىلىش، ئادىمىيلىكتە ئەخلاق ـ پەزىلەتنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، كىشىلىك تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق ھەققىدە بىر قاتار تەجرىبىلەرنى ھەدىيە قىلىدۇ. بۇ تەجرىبىلەردىن بىرسى سىزگە ھەمكار بولسا، ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئۇتۇقى بولۇپ قىلىشىدا گەپ يوق.

كىتابنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىغان قەشقەر سەمەن

ساياھەت گۇرۇھىنىڭ لىدىرى ئىبراھىم سەمەنگە، يېقىندىن ياردەملەشكەن ئابلەت جۇمە تۇپراق، ئابدۇشۇكۇر ئىمىن، ئەكبەر جاپپار، ئادىل كېرىملەرگە رەھمەت ئېيتىمىز .

2010 ـ يىل 4 ـ ئاي، قەشقەر

# مۇندەرىجە


كۆز تەگكەن بىر پۈتلۈك ئادەم ........................................ 1

پەسكەشلىك پاتقىقى ........................................ 10

ئەسەبىي چىشى ئالۋاستى ........................................ 27

رەسۋا خوتۇن ........................................ 43

پۈراقسىز گۈل ........................................ 54

يەردە قالغان ئەقىدە ........................................ 61

رەزىل مۇئەللىم ........................................ 71

ئوت قۇيرۇق ئايال ........................................ 82

ناكەسلىك ........................................ 89

« قىزىل مەلەڭزىلىك مەيخانا » دىكى قىزىققانلىق ........................................ 95

قاباھەتلىك كېچە ........................................ 102

كۇنداشلىق بەدىلى ........................................ 113

ھاراقتا دۇملەنگەن ئەقىل ........................................ 119

قۇمغا چۈشكەن شىشخال ........................................ 131

باي بولۇش چۈشى ........................................ 136

ھاراقكەشنىڭ ھالاكىتى ........................................ 141

قايتا قامالغان نادان ........................................ 145

# كۆز تەگكەن بىر پۇتلۇق ئادەم

## تۇنجى قېتىم «كۆز تېگىش»

قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە نامى يىراق ـ يېقىنغا تونۇشلۇق بولغان بىر قەدىمىي بوستانلىق بار. T ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ ماكاندا ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئىشچان قوللىرىغا تايىنىپ، ئىگىلىك ياراتماقتا ۋە تىرىكچىلىك قىلماقتا.

« بىر پۇتلۇق ئادەم » ــ مۇتەللىپ ئابلەت 1976ـيىلى كەچ كۈزنىڭ مەلۇم بىر كۈنى مۇشۇ ناھىيە بازىرىدىكى ئاددىي بىر ئائىلىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ باشقا نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەرگە ئوخشاشلا مېھرى ئىسسىق، كۆڭۈللۈك ئائىلە بولۇپ، ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. كىچىك مۇتەللىپنىڭ ئەمدىلەتىن ئايىغى چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتتى. كىچىك مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ يېشىغا توشقان سىڭلىسىنى بېقىش، تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتى ئانىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئانا بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئائىلىمىزگە «كۆز تەگدى» دەپ چۈشەندى. ئۇ ئوغلى مۇتەللىپكە بەكمۇ ئامراق ئىدى، ناتىۋان ئىككى پەرزەنتىنى جاپاكەش ئانا خۇددى ئانا قۇشتەك ئۆزىدىن بىردەممۇ نېرى قىلمايتتى. ئۇ ئائىلىسىدە ھەم ئاتا، ھەم ئانا ئىدى. ئۇ ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، باللارنى ساق ـ سالامەت چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشماقچى ئىدى، ئوغلىنى ۋاپادار، يارامىلىق ئادەم بولۇپ، ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارنى قولىغا ئالىدۇ، قېرىغاندا ماڭا يۆلەك، سىڭلىسىغا

باشپاناھ بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. لېكىن، كىچىك مۇتەللىپنىڭ ئوقۇشى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالدى. ئۇ ئوقۇشقا ئانچە قىزىقمايتتى، ئاستا- ئاستا ئەقىل يېشىغا توشۇۋاتقان مۇتەللىپ ئانىسىنىڭ تارتىۋاتقان جاپاسىنى كۆرۈپ، ئوقۇشتىن كۆرە ئىش تېپىپ ئىشلەپ بالدۇرراق پۇل تېپىپ، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماقچى بولدى. ئوغلىنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا چامى يەتمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئانا ئۇنىڭ رايىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇتەللىپ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئۆرلەپ ئوقۇمىدى. ئۇ ئانىسىغا ياردەملىشىپ بىر مەزگىل ئۇششاق ئوقەت بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىن بۇ ئىشتىنمۇ يالتىيىپ، ئوبدانراق بىر ھۈنەر ئۆگەنمەكچى بولدى. ئانا ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇنى تىككۈچىلىككە شاگىرتلىققا بەردى. ئۇ ئانىسى ۋە ئۇستىسىنىڭ كۆيۈنۈپ يېتەكلىشى نەتىجىسىدە، كەسىپنى توغرا تاللىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ تېزلا بوي تارتىپ، يىگىت بولۇپ قالدى. ھۈنەرنىمۇ ئوبدانلا ئىگىلىۋالدى. ئانىنىڭ ئۈمىدىمۇ شۇ ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ھەر قېتىم ئۆيگە كەلگەندە ئاز- تولا گۆش - ياغ، سەي - كۆكتات، پۇل - پۈچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بولدى. بۇنى كۆرگەن ئانا ئوغلىنىڭ ئىنسابىدىن سۆيۈنۈپ، كۆزىگە غىلىلدە ياش ئالاتتى ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيۈپ قوياتتى، بەختىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. ئانىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى ئوبدان لايىق تېپىپ ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش ئىدى. لېكىن، يېقىندىن بۇيان نېمە ئۈچۈندۇر، مۇتەللىپنىڭ سول پۇتى توختىماي ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئانا دەسلەپتە ئانچە - مۇنچە كونىلىق قىلىپ كۆردى، بىراق بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايلا قالماستىن، بەلكى مۇتەللىپ توساتتىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان ئانا قول ئىلكىدىكى بارلىق بىساتىنى سەرپ قىلىپ

ئۇنى داۋالاتتى. لېكىن، بۇنىڭ ئۇنۇمى بولمىدى، دوختۇرلار ئۇنىڭ سول پۇت يىرىقىنىڭ تۇۋىدىن كېسىپ ئېلىۋېتىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ «بىر پۇتلۇق ئادەم»گە ئايلىنىپ قالدى. ئانا زار-زار يىغلاپ - قاقشىدى. مۇتەللىپ تولا ئازابلىنىپ ئۈمىدسىزلەندى. ئانا بۇنى ئائىلىسىگە 2 - قېتىم « كۆز تەگكەن » لىك دەپ قارىدى.

## شېرىن كۈنلەر

شۇنداق قىلىپ، مۇتەللىپ 20 ياشقا كىرە - كىرمەيلا بىر پۇتلۇق مېيىپكە ئايلىنىپ قالدى. مانا ئەمدى ئۇ ھاسىغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلاتتى. سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ھۈنىرىنى يېڭىباشتىن قولىغا ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي دۇكان ئايرىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرىگە تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچتى ۋە نۇرنىسا قاتارلىق بىرقانچە شاگىرت قوبۇل قىلدى.

نۇرنىسا شاگىرت بولۇپ كىرىپ بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا، مۇتەللىپنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارىشى ئۆزگەردى. نۇرنىسا ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى، گېپىنىڭ ئورۇنلۇقلۇقى، ئىشقا چاققانلىقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەسىدە قىزلارغا خاس يېتىلگەن ئاق سۇزۇك چىرايى، غۇنچە بوي قامىتى، كۈلۈپلا تۇرىدىغان بىر جۈپ شەھلا كۆزى مۇتەللىپنى ئاستا- ئاستا ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. نۇرنىسا بىردەم بولماي قالسا، مۇتەللىپنىڭ قولى ئىشتىن توختايتتى. ئۇ دائىم : «مەن ئۇنىڭغا ھۈنەرنى چوقۇم ياخشى ئۆگىتىمەن. ھەر ئىككىمىز ماھىر ئۇستىلاردىن بولۇپ، تۇرمۇشىمىزنى بەختلىك، خۇشال- خۇرام ئۆتكۈزىمىز...... ھەي، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى كىرگۈزسەم، بالدۇرراق بېشىمىزنى قوشۇۋالساق بولاتتى. شۇنداق بولغاندا، بۇ زېرىكىشلىك، سوغۇق كېچىلەردىكى تەنھالىقتىن بالدۇرراق

قۇتۇلاتتىم ...... » دەپ ئويلاپ، ئۇزاق كېچىلەرنى تاڭغا ئۇلايتتى. شۇنداق بولغاچقا، نۇرنىسغا قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلە قىلدى، تاپقان پۇللىرىنى ئايىماي خەجلىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ ئانىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇدى ۋە ئانىسىغا قارىسىنى ئانچە كۆرسەتمىدى. ئانا ئوغلىنىڭ نېمە ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئاخىر ئۇ باشقا تۇرمۇش مەنبەسى بولمىغاچقا، ئوغلىنى ئىزدەش قارارىغا كەلدى. 2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئوغلىنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ نېمە يەپ، نېمە ئىچىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى، تاپقان پۇللىرىنى كىمگە، نېمىگە خەجلەۋاتقانلىقىنى سوراپ، ئۇنىڭ بىلەن ئازراق ئازارلىشىپ قالدى، بۇ دەتالاش بولغان يەردە نۇرنىسامۇ بار ئىدى.

تۈنجى مۇھەببەتنىڭ نازۇك قوينىدا شېرىن چۈش كۆرۈپ يۈرگەن نۇرنىسا ئانىنىڭ گېپىنى ئۆزىگە دارىتمىلاپ ئېيتىلغان تەنە دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، تاقەت قىلالماي ئاغزىنى قويىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بولغۇسى « قېيىنئانا » بىلەن « كېلىن » تەگىشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرنىسا باتناپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ دۇكانغا كەلمىدى. مۇتەللىپنىڭ شېرىن- شېكەر كۈنلىرىمۇ، ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىنلىقىمۇ نەلەرگىدۇر يوقالدى. ئۇ بۇ كۈنلەردە نۇرنىسانىڭ دېرىكىنى ئالالماي، ئۇنى تولا ئويلاپ ساراڭ بولاي دېگەنىدى. ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى مۇتەللىپ بىر دوستىدىن نۇرنىسانىڭ سۈرەت تارتىش دۇكىنى ئاچىدىغان ئەسقەر دېگەن بىرسى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى « كۆك بۆرە » تانسىخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئاڭلاپ رەشك ئوتىدا پۇچىلاندى، شۇنىڭ بىلەن دۇكىنىنى تاقاپ نۇرنىسانى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدى. ئۇ قولتۇق هاسىسىغا تايىنىپ يېرىم كۈن ئىزدىدى، توختىماي

ماڭغانلىقتىن ساق قالغان بىر پۈتى سىرقىراپ ئاغرىپ سېزىمىنى يوقاتتى. قاتتىق ھاسىنىڭ بېشى ئۇنىڭ قولتۇقىنىڭ بىر قات تېرىسىنى سويۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ نۇرنىسانى ئاخىر تاپتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا نۇرنىساغا بۇ كۈنلەردە نەلەردە يۈرۈپ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بەكلا چارچىغانلىقىنى ھاياجان بىلەن ئېيتتى. نۇرنىسا ئۆزىنىڭ سۈرەت تارتىش ئۇستىسى ئەسقەرگە شاگىرتلىققا كىرگەنلىكىنى، تانىسىخانىغىمۇ خېرىدارلارنى سۈرەتكە تارتىش ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىدە پەرۋاسىزلىق ئالامەتلىرى بار ئىدى. مۇتەللىپ ئۇنىڭغا سۈرەت تارتىش ئۇستىسى ئەسقەرنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، قىزلارنى ئەخمەق قىلىشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولۇپ ئۆزىنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىغا قايتىپ كېلىپ، تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى داۋاملىق ئۆگىنىشىنى ئېيتتى. نۇرنىساغا ئۇنىڭ بۇ تەلەپپۇزى ھەم بۇيرۇق، ھەم كەمسىتىش مەنىسىدە ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن نۇرنىسانىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى ۋە مۇتەللىپكە:

— سەن ئۆزۈڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ، ئاشۇ بىر پۈتۈڭ، بىر ھاساڭ بىلەن مېنى قوغلاشماقچىمۇ، مېنى ھېلىتىن باشقۇرماقچىمۇ، سەن مېنىڭ نېمەمتىڭ، ئۆپكەڭنى بېسىۋېلىپ، ۋاقتىدا ئۆزۈڭنىڭ خىلىنى تېپىۋال، — دېدى زەردە بىلەن.

مۇتەللىپ نۇرنىسانى بەكلا چوڭ بىلەتتى. پۈتۈن ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلىغانىدى، شۇڭا ئۇنى ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى پەرىشانلىققا تولغان، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنى سېغىنغان روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىدۇ دەپ ئىشىنىپ، تۈنجى قېتىم مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلىگەنىدى. لېكىن، نۇرنىسا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئازراقمۇ چۈشەنمىدى، غۇرۇرىغا تېگىپ ھاقارەتلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئادەملىك قەدىر - قىممىتى جىسمانىي كەمتۈكلۈكى ئارقىلىق يوققا

چىقىۋاتاتتى. ئادەم جىسمانىي خورلۇققا چىدىسىمۇ، روھىي خورلۇققا چىدىمايدۇ. ئۇ نۇرنىسانى يوقىتىپ قويغان ئىككى ئايدىن بۇيان كېچە- كۈندۈز سىغىنىدى. دادىسىدىن ئايرىلغاندىمۇ، دوختۇرلار بىر پۇتىنى كېسىۋەتكەندىمۇ كۆز يېشى قىلمىغان. لېكىن، نۇرنىسانى ئويلاپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ ئاخىرىدا ئېرىشكىنى مانا مۇشۇ ھاقارەتلىك جاۋاب بولدى. يارىغا تۇز سەپكەندەك، ئۇنىڭ ئەڭ ئاجىزلىقى بولغان جىسمانىي مېيىپلىكىنى تىلغا ئېلىپ ھاقارەتلىدى. بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن ئىككى دوستىنى تېپىپ ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىشنى — بولۇشىغا ھاراق ئىچىشنى خالاپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زېدىلەنگەن يۈرىكىنى مۇشۇ يول بىلەن ئازراق ئارام تاپتۇرماقچى بولدى. لېكىن، ھاراقمۇ ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. نۇرنىسانىڭ بايىقى ئاھانىتى ئۇنىڭ قەلبىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەي ئازابلايتتى. بۇ ئازاب ئۇنىڭ كاللىسىدا، پۈتۈن ھۇجەيرىلىرىدە ۋۇلقانغا ئايلاندى.

## تۈن گۇۋاھ

2001 - يىل ياز ئايلىرى ئىدى، مۇتەللىپ دۈكىنىدىكى كېسىمچىلىك ئۇستىلىدە ئىككى يېنىغا توختىماي ئۆرۈلۈپ ئارامسىزلاندى. تۈن يېرىم بولغان چاغدا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاسىسىغا تايىنىپ سىرتقا چىقتى. كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ۋە بايا ئىچكەن ھاراقنىڭ تەسىرىدە ئۇ ئاجايىپ كۈچلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ نۇرنىسانىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ يولغا چىقتى. كۈندۈزى بىر قېتىم كۆرۈۋالغان ئەگرى- بۈگرى، ئوي- دوڭغۇل يولدا نەچچە قېتىم يىقىلىپ - قوپۇپ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا باردى. پۈتۈن ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئۆيىنىڭ كەينىدىكى

تېرەككە يامىشىپ ئۆگزىگە چىقتى، ئاندىن شوتا ئارقىلىق ھويلىغا چۈشتى. ھويلىدىكى سۇپىدا نۇرنىسانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئەتراپنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن، نۇرنىسانىڭ ھويلىدا يوقلۇقىنى پەملىدى ـ دە، ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلەپ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن شەپە چىقارمايلا ئايۋان ئۆيگە كىرىۋالدى، ئاندىن ئىشىكنى تىۋىش چىقارماستىن پەم بىلەن يېپىپ ئۆي ئىچىنى بىر پەس كۆزەتتى. « چىك ـ چاك » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆي ئىچى لاپ قىلىپ يورۇدى. مۇتەللىپ نۇرنىسانىڭ ياتقان يېرىنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، تېزلا لامپۇچكىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئاندىن نۇرنىسانىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ توساتتىن نۇرنىسانى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈۋېلىشنى ئويلاپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈندۈزدىكى ئاچچىق ھاقارەتنى ئويلاپ بۇ خىيالىدىن تېزلا يالتايدى. ئۇ مۇشۇنداق ئىككىلىنىش ئىچىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يۇمران كۆكرەكلىرىنى ئېچىۋېتىپ، قوللىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ شۇنداق خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان قىزنىڭ ئوتتەك يۈزىنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى. قىز چۆچۈپ ئويغىنىپ، بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرالماي قاتتىق چىرقىرىۋەتتى. قىزنىڭ ئاۋازى مۇتەللىپنىمۇ چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ چاغدا مۇتەللىپنىڭ كۆزىگە قان تولۇپ، يېنىدىكى پىچىقنى ئېلىپ قىزنىڭ ۋارقىراۋاتقان ئاغزىغا، يۈز ـ كۆزلىرىگە ئارقا ـ ئارقىدىن قالايمىقان تىقىشقا باشلىدى......

قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەن ئانا ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ چىراغنى ياندۇردى ۋە تېخىچە توختىماي پىچاق تىقىۋاتقان مۇتەللىپنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ پىچاقنى تارتىۋالدى. قىز ھويلىغا قاچتى. قىزنىڭ ئانىسى مۇتەللىپنى ئىتتىرىپ يىقىتتى ۋە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئىشىكنى يېپىپ مۇتەللىپنى سولىۋېلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى ساقچىخانىغا يۈگۈردى.

# تەقدىرنىڭ قىسمىتى


17 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان لېۋەن قىز نۇرنىسانىڭ يۈز، بويۇن ۋە بېشىنىڭ كۆپ يېرى ئېغىر زەخىملەنگەنىدى، دوختۇرخانىدا جىددىي داۋالىتىلىپ ئۇنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىنغان بولسىمۇ، بىر كۆزى قۇيۇۋېتىلگەنلىكتىن، كۆز ئالمىسىنىڭ ئورنىغا سۈنئىي كۆز ئالمىسى سېلىنىدى. چىرايى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، ئەسلىدىكى ئالمىدەك سىلىق، گۈلدەك مەڭزىدە چوڭقۇر جاراھەت ئىزلىرى قېپقالدى. قانۇن دوختۇرى ئۇنىڭ زەخىمىسىنى « ئېغىر زەخىم » دەپ يەكۈن چىقاردى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى سوتلاپ، جاۋابكار مۇتەللىپ ئابلەتنىڭ قىلمىشىدىن قەستەن قاتىللىق ( مەقسەتكە يېتەلمەسلىك ) جىنايىتى شەكىللىنىدۇ دەپ قارىدى. جاۋابكار ئۆزىمۇ سوتتا ئۆز مەقسىتىنىڭ نۇرنىسانى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكى، زىيانلىق ئاقىۋىتى ۋە جىنايىتىنى تونۇش پوزىتسىيەسى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن قانۇن بويىچە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقاردى. جاۋابكار مۇتەللىپ ئابلەت ھۆكۈمگە قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز بەرگەن بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 2- سوتتا قاراپ چىقىپ، ئەسلىي ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلىش ھەققىدە كېسىم چىقاردى. جىنايەتچى مۇتەللىپ ئابلەت تۈرمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ئۇنىڭ بىراقلا ماغدۇرىدىن كەتكەنىدەك كۆرۈنىدىغان بىچارە ئانىسى سوتنىڭ ئالدى- كەينىدە كۆرگەنلا ئادەمگە : « ئوغلۇمغا كۆز تەگدى » دەپ يۈردى. ئۇنىڭچە، ئوغلىغا 3- قېتىم « كۆز تەگكەن »

ئىدى. ئۇنىڭ كۈندىن- كۈنگە نۇرسىزلىنىۋاتقان كۆزلىرىدىن توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى كىشىنىڭ يۈرىكىنى لەختە- لەختە قىلاتتى.

2001- يىل، سېنتەبىر



# پەسكەشلىك پاتقىقى

## كۆز قىسقان «شەيتان»

قەشقەر شەھىرىدىن يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بارماقچى بولغان ھەرقانداق بىر يولۇچى چوقۇم ھېمتىنىڭ سېيىدىن ئۆتىدۇ. يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ قىزىل يېزىسىدىن ئۆتۈپ مەلۇم مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن ئۇچرايدىغان ئاشۇ غىلاڭ سايلىقتىن ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، كۆز ئالدىڭىزدا تۇپرىقى مۇنبەت، ياپيېشىل بىر قەدىمىي يۇرت نامايان بولىدۇ. مانا بۇ — جەنۇبىي شىنجاڭدىكى داڭلىق ئانا ماكانلارنىڭ بىرى بولغان G ناھىيەسىنىڭ H يېزىسى.

بىز بايان قىلماقچى بولغان بۇ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە ئۇزاقتىن بېرى قۇۋناق، پاراغەتلىك، تىپتىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان مۇشۇ H خەلقى ئارىسىدا يۈز بەرگەن.

2004- يىل 11- نويابىر. كەچ كۈز ئايلىرى بولۇشىغا قارىماي، بۇ يۇرتنىڭ ھاۋاسى يەنىلا ئىللىق ئىدى. H يېزا بازىرىدىكى رەستىلەردىن بىرىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان بىر ئاشپۇزۇل كىرىپ - چىقىۋاتقان خېرىدارلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن قوشنا ئاشپۇزۇللاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئېگىزگە قويۇلغان تېلېۋىزور ئېكرانىدىن چىقىۋاتقان قايسىدۇر بىر فىلىمنىڭ جانبازلىق كۆرۈنۈشلىرى خېرىدارلارنى، بازارچىلارنى جەلپ قىلىپ تۇراتتى.

ئالدىراش ئىشلەۋاتقان تۇرغۇنىنىڭ كۆزى توساتتىن ئاشپۇزۇل

ئالدىدىكى يولدىن چىكىپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كېلىشكەن بىر چوكاننىڭ جادۇ كۆزلىرى بىلەن غىلـ- پال ئۇچرىشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل شېرىن سېزىم «شۇر» قىلىپ تارىغاندەك بولدى- دە، پۇت- قولى ئىختىيارسىز ئىشتىن توختىدى.

تۇرغۇن مۇشۇ ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى ھوشۇرئاخۇن ئۇستامنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى بولۇپ، 24 ياشلاردا ئىدى. ھېلىقى چوكاننىڭ بايىقى جەلپكار سىيماسى ئۇنى ئوبدانلا قىزىقتۇردى. «نەدىن كەلگەن سەتەڭدۇ بۇ؟ ئەجەب كېلىشكەن كاساپەت ئىكەنيا...... توختا، بىر سىناپ كۆرەي......»

ئۇ شۇلارنى خىيال قىلدى - دە، چاقماق تېزلىكىدە ئۇچىسىدىكى خالاتنى سېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنى مۇنداقلا تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ غىپپىدە دۇكاندىن چىقتى ۋە ئانچە يىراقلاپ كەتمىگەن چوكاننىڭ ئارقىسىدىن ئىككى تاقلاپ يېتىشىۋالدى-دە، قورۇنۇپ تۇرمايلا چوكانغا گەپ تاشلىدى :

— خېنىم، نەزىرىڭىز نېمانچە ئۇستۇن ؟ ئەجەب ئاشخانامنىڭ ئالدىدىن مەنىستىمىگەندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىسىز، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ قالتىس يىگىت ئىكەنلىكىنى چوكانغا نامايان قىلىشقا تىرىشىپ. چوكانمۇ تۇرغۇننىڭ ئوينـاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆچلۈك ئەرلىك سېھرىي كۈچنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئەتەي ئۆزىنى قاچۇرغاندەك تەمكىن بىر ھالەتتە تۇرغۇنغا قارىدى :

— ۋىيەي، مېنى بىرەرسىگە ئوخشىتىپ قالدىڭىزمۇ- قانداق؟

— شۇنداق، سىزنى بىرسىگە ئوخشاتقۇم كېلىۋاتىدۇ ......

— كىمگە ؟

— سۆيگىنىمگە ......

— ۋىيەي، تازىمۇ قىزىق بالىكەنسىز، — چوكان ئىچىلىپقىنا

كۆلۈپ كەتتى .

— تونۇشۇپ قالايلى، ئىسمىم تۇرغۇن، مۇشۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى بولىمەن. قانداق، تائاملىرىمىزدىن تېتىپ باققۇڭىز يوقمۇ؟

— ۋىيەي، كىم بىلىدۇ، تاماقلىرىڭىزنىڭ تەمى تايىنلىقتۇ ھەقاچان .

— ئاۋۋال بىر تېتىپ بېقىڭ، قانداقلىقىنى شۇچاغدا بىلىپ قالىسىز ، — دېدى تۇرغۇن چوكانىنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە تىكىلىپ .

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تېزلا چىقىشىپ قالدى .

ھوشۇرئاخۇن ئۇستام مۇشۇ بازاردىكى خېلى نامى چىققان دوكار ئاشپەزلەرنىڭ بىرى ئىدى . ئۇنىڭ ئاشپۇزۇلىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيەسى ياخشى، تاماقلىرىمۇ ئالاھىدە تەملىك بولغاچقا ، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، تىجارەتتە ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى . تۇرغۇن ھوشۇرئاخۇن ئۇستامنىڭ ئەتىۋارلىق بەگزادىسى بولغاچقا، تۇرغۇننىڭ بۇ ئائىلىدە دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتقا كاتتا توي بېرىپ، ئۇنى خېلى كېلىشكەن ۋە ياۋاش بىرقىزغا ئۆيلەپ قويغان بولسىمۇ، خوتۇنى بىلەن بىرەر يىلچە ئۆي تۇتۇپلا يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ جېدەللىشىپ، خوتۇننى ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە ھەيدىۋەتتى. ئۆزى بولسا ئاتاـ ئانىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، بىر كۈن ئاشخانىغا ياردەملەشسە، بىر نەچچە كۈنگىچە داپ تاراڭلىتىپ، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈردى. ھوشۇرئاخۇن ئۇستام ئۇنىڭ بىرەر ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. ئۇنىڭ رايى بويىچە ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭغا خېلى جىق پۇلغا بىر كىچىك ماشىنىمۇ ئېلىپ بەردى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئازغىنە كۈندىن كېيىن يەنە كەلسە ـ كەلمەس قىزـ چوكانلار بىلەن ئېغىزـ بۇرۇن يالىشىپ يۈردى، ماشىنا ھەيدەش پۇخاسىدىنمۇ چىققانىدى.

«ئوغرىغا مال كەم بولماپتۇ» دېگەندەك، بۇگۇنمۇ تۇرغۇنغا يەنە ئوبدان بىر «ئولجا» ئۇچرىدى. بۇنداق پۇرسەتنى ئۇ ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئالداشتىكى ئارتۇقچىلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىشقا سېلىپ بوي- تۇرقى، رەڭگىرويى كېلىشكەن، زامانغا لايىق سىپتا كىيىنگەن بۇ چوكاننى تېزلا ئىندەككە كەلتۇردى. دۇكاندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا تۇرغۇنىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۇرۇش قورۇ - جايى بار ئىدى. تۇرغۇن چوكاننى مۇشۇ ئۆيگە باشلاپ كىردى.

بۇ چوكان بۇ يەردە تۇرغۇنغا ئوخشاش ھەم كېلىشكەن، ھەم پۇلدار بىرەرسىنى قولغا كەلتۇرۇپ، يانچۇقىنى ئاز- تولا توملاش مەقسىتىدە كېلىپ، ئەتەي ئۆزىنى بازارغا سېلىپ ئايلىنىپ يۇرگەنىدى، مانا ئويلىغاندەك ئىش بولدى. ئۇ باشتا ئازراق نېزىقىغان بولسىمۇ، كېيىن تېزلا تۇرغۇنىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

چوكانىنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇنىڭ ئىسمى شەمشىنۇر بولۇپ، خوتەنىنىڭ مەلۇم ناھىيەسىدىن بۇ يەرگە بىر تۇغقىنىنى ئىزدەپ كەلگەنىدى.

تۇرغۇن يېقىندىن بېرى بويتاق بولغاچقا، ئۆيدە بۇ چىرايلىق مېھمانغا داستىخان سالغۇدەك بىرنەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ، ئازراق يېمەكلىك ئېلىپ كىرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ چوكاننى ئۆيدە قويۇپ، ئىشىكنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

## ئازغۇن روھ

تۇرغۇن ئاشخانىسىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ چىرايىدىكى خۇشاللىقىنى يىغىشتۇرالماي قالدى. ئابدۇرېھىم ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ قالدى. تۇرغۇن بايىقى ئىشلارنى ئەڭ يېقىن دوستى ۋە بىر نەۋرە تۇغقىنى بولغان

ئابدۇرېھىمغا ئېيتتى. ئابدۇرېھىم بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ ئاشخانىدا تۇرغۇنغا ياندىشىپ ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئىككىيلەن ھەرقانداق مەخپىيەتلىكنى بىر- بىرىدىن سىر تۇتمايتتى، ھەرقانداق ئويۇن- تاماشادا بىر- بىرىنى ئايرىپ قويمايتتى.

كەچ كىردى. ھوشۇرئاخۇن ئۇستام بېجىرىدىغان بىر ئىشنى بارلىقىنى ئېيتىپ، دۇكاننى باللارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى بالدۇرراق قايتتى. تۇرغۇن دادىسى مېڭىشىغىلا ئالدىراپ- تېنەپ دۇكاننى شاگىرتلارغا يىغدۇرغاندىن كېيىن، ئەتىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى ئابدۇرېھىمنى ئەگەشتۇرۇپ، بازاردىن ئاز ـ تولا يېمەكلىك سېتىۋېلىپ چوكاننىڭ يېنىغا كىردى. ئابدۇرېھىم چوكاننى كۆرۈپلا «كۆزۈڭ خېلى مال تونۇيدىكەن جۇمۇ» دېگەن مەنىدە تۇرغۇنغا قاراپ قويدى. ئۇچەيلەن نېرى ـ بېرى بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئۆيگە ئىككى كىشىلىك ئورۇن راسلىدى. ئۇلارنىڭ شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇلار ئىشىك- دېرىزىلەرنى قايتىدىن تاقاپ، پەردىلەرنى چۈشۈردى......

بۇ كېچە ئىككىيلەن نۆۋەت بىلەن «كۆڭۈل» ئېچىپ، تازا بىر پۇخادىن چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار چوكاننى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلىۋېتىپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

بۇ ئاشخانىغا بىر- ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا مەتنىياز ئىسىملىك بىرسى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىنغانىدى. مەتنىياز بۇ ئىككىسىنىڭ ئاخشامدىن بۇيانقى نورمالسىز كەيپىياتىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى ۋە بىر ئامال قىلىپ مەخپىيەتلىكنى بىلىۋالدى. ئۇمۇ ئۇلار بىلەن بىر دېمەتلىك يىگىت بولغاچقا، بۇ نېسىۋىدىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايتتى.

چوكان تۇرغۇن بىلەن ئابدۇرېھىملارنى خېلى پۇلدارلاردىن

بولسا كېرەك، ھەقىچان ماڭا ئازراق بىرنەرسە بېرىدۇ دەپ تەمە قىلىپ تۇرغاندا، ئۇ ئىككىسى قۇيرۇق تۇتقۇزماي غىپپىدە چىقىپ كەتتى. چوكان ئۇلارنى پۇل تەييارلىغىلى چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتە كۈتۈپ ئولتۇرغاندا، مانا ئەمدى ئۇنىڭ يېنىغا ئۈچىنچى مېھمان — مەتنىياز پەيدا بولدى. چوكان ئۇنىڭ ئەپتىگە بىر قاراپلا ھېلىقى ئىككىسىگە قارىغاندا خېلى مۇلايىم، ساددا، ياۋاش يىگىت ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇ كىرگەندە چوكان تېخىچىلا يوتقاندا ئىدى. چوكان يا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەي، يا ئۇخلىيالماي تازا جىلە بولۇپ تۇراتتى، شۇڭا مەتنىيازغا قوپال تەگدى :

— سىز كىم ئەمدى ؟ بىر نەرسىڭىز يوقاپ كەتتىمۇ؟ ئەر كىشى يوق ئۆيگە نېمىدەپ كىردىڭىز؟

مەتنىياز دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن غەيرەتلىنىپ مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتتى :

— ئاچا، بىر قېتىم كۆڭلۈمنى ئېچىپ قويغان بولسىڭىز......

— نېمە، مېنى ئېغىلدىكى مېدە ئېشەككە ئوخشىتىپ قېلىشتىڭمۇ؟ — دېدى چوكان بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرمەي .

— ياق، ئۇنداق ئەمەس ئاچا ......

— مانامەن تەييار، لېكىن يېنىڭدا 200 كوي بار بولسا ئاندىن بۇياققا كەل !

چوكانىنىڭ قاتتىق ئاۋازى مەتنىيازنى ئەپچىللا تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ يا چىقىپ كېتىشنى، يا چوكانغا يېقىنچىلىق قىلىشنى بىلمەي ئوڭايسىز بىر ھالەتتە تۇرغاندا ، چوكانىنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى .

— نېمە، ئۇنۇڭ چىقمايدىغۇ ؟ كەچ بولغىلى تۇردى. مېنى بۇ يەرگە سولاپ قويغىلى بىر كېچە - كۈندۈز بولدى. ھېلىقى ئىككى قورۇق سۆلەت، ماز دوستلىرىڭ مېنى بىر كېچە ئاياغ ئاستى قىلدى، قولۇمغا بىر موچەن پۇلمۇ بەرمىدى. ئىچىم سىقىلدى، قورسىقىم

ئاچتى. سەن چىقىپ ھېلىقى سولتەكلەرگە ئېيتىپ قوي، ئۇلار قولۇمغا 200 كويدىن پۇل بەرمەيدىكەن، كۆرىدىغان كۈنى بار. جاھاننىڭ ئىگىسى بار، بۇ سولتەكلەر ئۆزىچە مېنى بوزەك چاغلاپ قالمىسۇن، — دېدى چوكان يېرىم يالىڭاچ بەدىنىنى مەتنىيازدىن قىلچىمۇ يوشۇرماي، ياستۇققا ئۆرە بولۇپ يۆلىنىپ تۇرۇپ. مەتنىياز ئۇنىڭ بايىقى بېشەملىكلىرى ۋە چۇۋۇق چاچلىرىنى كۆرۈپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ چوكانغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى تەن ئېلىپ، ئاستا پېشىنى قېقىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، بىراق ئىشىك سىرتتىن قۇلۇپلاقلىق بولغاچقا، سىرتقا چىقالمىدى. «ھۇ نامەرد گۈيلار، بالانى ئۆزلىرى تېرىپ قويۇپ، مېنى ئوتقا ئىتتىرىپتۇ- دە» دەپ ئويلىدى مەتنىياز. ئەسلىدە تۇرغۇن بىلەن ئابدۇرېھىم كۆڭلىدە «چوكان مەتنىيازنىڭمۇ پۇلى يوقلۇقىنى بىلسە، نەپ ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزلۈكىدىن كېتىمەن دېيىشى مۇمكىن» دەپ چوت سوقۇپ، مەتنىيازنى بۇ ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلىۋەتكەنىدى.

دېرىزىگە پولات چىۋىق ئورنىتىلغانىدى. مەتنىياز بىر ئامال قىلىپ بىرنەچچە تال پولات چىۋىقنى قايرىپ ئۆزى پاتقۇدەك بىر يوچۇق ئاچتى-دە، شۇ يەردىن سۇغۇرۇلۇپ سىرتقا چىقىۋالدى، شۇنداقلا بۇ ھازازۇل خوتۇندىن ھەرنېمە بولسا قۇتۇلدۇم، دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

مەتنىياز ئاشخانىغا كەلگەندىن كېيىن تۇرغۇن بىلەن ئابدۇرېھىمنى بىر چەتكە تارتىپ، چوكاننىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئېيتىۋىدى، ئۇلار سەل دەككە- دۈككىگە چۈشتى.

— جۇرۇڭلار، ئۇچىمىز بېرىپ بىر ئامال قىلىپ بۇ بۇزۇقنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەيلى، — دېدى تۇرغۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىككى ئۇلپىتىگە.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە چوكان ئالدىنى تام تەرەپكە قىلىپ جىمجىت يېتىۋالغانىدى.

— شەمشىنۇر، تېخى ئورنىڭىزدىن تۇرماپسىزغۇ؟ بۇگۇن بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ سىزگە قارىيالمىدۇق، ئازراق بىرنەرسە يېۋېلىڭ، — دېدى تۇرغۇن چوكاننى چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئېرىتمەكچى بولۇپ. چوكان ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزىنى يۇغاندىن كېيىن، گەپ-سۆز قىلماي غىزاغا قول ئۇزاتتى. ئۇ تاماق يېگەچ يېنىك ئۆكسۈيتتى، ھەر ئۆكسۈگەندە كۆزىدىن ئاققان ياشلار مەڭزىنى ھۆللەيتتى. مەتنىياز چوكاننىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ قالدى. تۇرغۇن بىلەن ئابدۇرېھىم بولسا چوكاننىڭ كۆڭلى يۇمشىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا 50 يۈەن پۇلنى تەڭلەپ، بۇگۇن دادىسىغا پۇل دېيەلمىگەنلىكىنى، ئاز بولسىمۇ بۇنى ئېلىپ كېتىپ تۇرۇشىنى، قالغىنىنى ئەتىگىچە تەخلەپ چوقۇم رازى قىلىدىغانلىقىنى، ناھىيە بازىرىدا ساقلاپ تۇرۇشىنى دېۋىدى، چوكانمۇ نېسىدىن تەلىيى يوقلۇقىنى، بۇنداق چىرايلىق سۆزلەرنى باشقىلاردىنمۇ تولا ئاڭلاپ بىزار بولغانلىقىنى، شۇڭا پۇلنى تەييار قىلغۇچە مۇشۇ ئۆيدىن چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى سىلىق، ئەمما كەسكىن قىلىپ.

يېقىندىن بېرى تۇرغۇن بەتخەجلىك قىلىپ دادىسىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغاچقا، دادىسى غەللىنىڭ يېنىدىن بىر دەممۇ نېرى بولمىدى. تۇرغۇنمۇ دادىسىغا ئورۇنسىز پۇل دېيىشكە پېتىنالمىدى. ھېلىقى ئايالنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. چۈنكى، ئۇنداق قىلسا، چوكاننىڭ غوۋغا كۆتۈرۈپ مەھەللىنى بېشىغا كىيىشى تۇرغانلا گەپ. تۇرغۇن دادىسى بىلەن تام قوشنا بولغاچقا، بۇ ئىشلارنى دادىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن بەكلا ئېھتىيات قىلاتتى.

— بولىدۇ، بىز بىر ئامال قىلىپ پۇل تېپىپ كېرەيلى، — دەپ ئىككى شېرىكى بىلەن بىرگە چىقىپ كەتتى تۇرغۇن.

— قانداق قىلىمىز؟ ماڭىلا ئىششىپ ئولتۇرماي، سىلەرمۇ

بىرنېمە دېمەمسىلەر؟ ــ دېدى تۇرغۇن ئۇلارغا ئاچچىقى بىلەن.

ــ ئەپتىگە قاراپ خېلى تۇزۇك بىرنەرسە ئوخشايدۇ دېسەم، تازىمۇ ئۇچىغا چىققان جالاپكەنغۇ ئۇ، ــ دېدى ئابدۇرېھىم. مەتنىياز بولسا جىملا قاراپ تۇراتتى.

ــ بۈگۈن بۇ چاغ بولغاندا نەدىن پۇل تاپقىلى بولاتتى، ئارام ئالايلى، ئەتە بىر گەپ بولار، ــ دېدى تۇرغۇن. قالغان ئىككىسىمۇ ئۆز تۇرالغۇسىغا قايتتى، تۇرغۇن بولسا چوكاننىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى.

## سىرتماق

2004ـ يىل 11ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى، تۇرغۇن ئەتىگەندىلا ئاشخانىغا كېلىپ ئابدۇرېھىم ۋە مەتنىيازلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا: ئۇ بۈزۈقتا بىر كىچە گەپ قىلغان بولسىمۇ قىلچە پايدىسى بولمىغانلىقىنى، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ھەربىر ئادەمدىن 150 يۈەندىن پۇل ئالمىغۇچە ئۆيدىن چىقمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بىر ئامال تېپىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى. ئابدۇرېھىم بىلەن مەتنىياز «قانداق قىلساق بولار؟» دېگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ــ يۇرۇڭلار، نېمە ئىش بولسا شۇ يەردە ئۇچىمىز دەرقەمتە تۇرۇپ كۆرەرمىز، ــ دېدى تۇرغۇن. ئۇلار كىرگەندە چوكان خۇددى ئالدىنقى كۈندىكىدەك پۈزۈر كىيىنىپ، پەردازنى بولۇشىغا قىلىپ، ھازىرلا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك پەرداز سومكىسىنى تىزىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

ــ پۇلنى ئەكىردىڭلارمۇ؟ مەن كەتمىسەم بولمايدۇ، ــ دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

ــ راست گەپنى قىلغاندا پۇل تاپالمىدۇق. ئەگەر خالىسىڭىز يانچۇقۇمدىكى 50 كوينى......

ــ سەنلەر كىمىڭنى بوزەك قىلماقچى؟ خان ئاچاڭنى بوش

چاغلاپ قېلىشتىڭمۇ؟ مېنى سېسىق ئۆيۈڭگە ئىككى كېچە كۈندۈز قاماپ قويۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئاياغ ئاستى قىلىشتىڭ، مەن بۇلارنى ئاتا-ئاناڭغا دەيمەن، ساقچىلارغا دېلو مەلۇم قىلىمەن. قېنى سەنلەرنىڭ نوچىلىقىنى شۇ چاغدا بىر كۆرەي! — چوكان شۇنداق دەپلا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— بولدى، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ، بىز هازىرلا بىر ئامال قىلساق بولمىدىمۇ؟ — دېدى تۇرغۇن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— مېنىڭ تاقىتىم توشتى. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرەي، هازىرلا مەن دېگەن پۇلنى تەخلەپ كىرىش، بۇ ئانچە كۆپ پۇلمۇ ئەمەس، ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن چوقۇم دېگىنىمنى قىلماي قويمايمەن. قانداق رودۇپاي بىرنېمىلەر بۇ.

قاپلاندەك ئۇچ ئەركەك بىر ئايالنىڭ ئالدىدا شۇنچە ئاجىز كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئايالغا: « بىز بۇ قېتىم چوقۇم پۇل تېپىپ كېلىمىز » دەپ قويۇپ سىرتقا چىقتى. تۇرغۇن :

— قانداق قىلساق بولار؟ بىر ئامال قىلمىساق بولمىدى، — دېدى. ئابدۇرېھىم :

— مېنىڭچە ئاخىرقى بىر ئامال قالدى، ئۇنى جايلىۋېتەيلى، — دېدى. تۇرغۇن :

— شۇنداق قىلايلى، بۇ پاسىق قانجۇقنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، سېنىڭچىچۇ؟ — دېدى مەتنىيازغا قاراپ. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن مەتنىياز ئىككىلىنىپ :

— ئۇنداق قىلساق كېيىن ئىشىمىز پاش بولۇپ قالسا تۈگىشىپ كېتەرمىزمىكىن، — دېدى.

— ئىشنى ئىز قالدۇرماي پاكىز تۈگەتسەك، هېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جالاپ ياقا يۇرتلۇق ئىكەن، ئىز-دېرىكىنى قىلىدىغان ئادىمىمۇ يوق. ئۈچىمىزدىن باشقا ئادەم بۇ ئىشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، هەرقانداق ئەهۋال ئاستىدا ئاغزىمىزنى چىڭ

تۇتساقلا ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دېدى ئابدۇرېھىم.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار چوكاننى قانداق ئۆلتۈرۈش، قانداق يىغىشتۇرۇش، مەخپىيەتلىكنى قانداق ساقلاش ھەققىدە پىلان تۈزۈشتى. ئابدۇرېھىم ئۆزىنىڭ بىر كونا كىرلىكىنى ئالىقاندەك كەڭلىكتە قىلىپ تاسماقچىلاپ يىرتىپ تەييارلىدى. مەتنىياز بىر تانا تاپتى. تۇرغۇن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە چوكان ئايۋان ئۆيدە بايىقى پەدىدە تەرىنى تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە يېنىنى چىقىرىپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئەجەل دەقىقىلىرىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى.

## تۇنجۇققان تىنىق

— پۇلنى ئەكىردىڭلارمۇ؟
— ئەكىردۇق. مانا پۇل......

ئابدۇرېھىم شۇنداق دەپلا يانچۇقىدىن بىر پارچە لاتىنى چىقىرىپ چوكاننىڭ ئاغزىغا تىقتى. تۇرغۇن بىلەن مەتنىياز چوكاننىڭ پۇتى بىلەن قولىنى تۇتۇۋالدى. ئابدۇرېھىم بايا تەييارلىغان ئۇزۇن- ئۇزۇن لاتا پارچىلىرى بىلەن چوكاننىڭ يۈز- كۆزىنى، ئاغزى- بۇرنىنى خۇددى تېڭىقچى سۇنۇق تاڭغاندەك قاتمۇقات يۆگەپ تاڭدى، ئاندىن ئۇچەيلەن چوكاننى بېسىپ خۇددى بوغۇزلايدىغان قويىنى چۈشەنگەندەك چوكاننىڭ پۇت- قولىنى دۈمبىسى تەرەپكە قايرىپ بىرلەشتۈرۈپ باغلىدى. چوكاننىڭ بېلى كەينىگە قايرىلىپ تۇرغاچقا، قورساق قىسمى ئالدىغا چوقچىيىپ چىقىپ قالغانىدى. ئابدۇرېھىم ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ئىچ ئىشتان يانچۇقىدىن 230 يۈەننى تاپتى.
ئايال ھەرقانچە قارشىلىق قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ شەپقەتسىز ھەم كۈچلۈك قوللىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ئۈچ مەلئۇن تېخىچە تېپىرلاپ جان تالىشىۋاتقان چوكاننى سۆرەپ

ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئاپاردى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكى بارلىق يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاشلاپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئاشخانىغىمۇ چىقماي، ئۇدۇل ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كوچا قاڭداپ، لاغايلاپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلدى. چوكاننىڭ يېنىدىن بۇلاپ ئالغان پۇلنى خەجلەپ، ئاشقان پۇلنى تۇرغۇن 60 يۈەن، ئابدۇرېھىم بىلەن مەتنىياز 50 يۈەندىن ئۈلەشتى. ئۇلار قايتىپ ئۆيگە كەلگەندە كېچە سائەت 12 لەردىن ئاشقانىدى. ئۇلار ئۆي ئىچىگە قۇلاق سېلىشىدى، ئۆي ئىچى تىمتاس بولۇپ قالغانىدى.

تۇرغۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسى ئەخلەت توشۇيدىغان بىر قول ھارۋىسىنى تېپىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرسى ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇردى، ئىككىسى جەسەتنى ئۆيدىن ئاۋايلاپ ئاچىقىپ، ئەخلەت ھارۋىسىغا باستى ـ دە، ئۈچەيلەن قاراڭغۇلۇقتا ھارۋىنى سۆرەپ نەلەرگىدۇر قاراپ ماڭدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، بىر پارنىكزارلىقنىڭ ئارقىسىدىكى تاشلاندۇق ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار بايا تەييارلاپ كەلگەن كەتمەن بىلەن بىر سائەتچە ھەپىلىشىپ يۈرۈپ بىر ئازگال كولىدى ۋە چوكاننىڭ جەسىتىنى باغلاقلىق ھالەتتە كىيىم ـ كېچىكى بىلەنلا ئازگالغا تاشلاپ كۆمۈۋەتتى، ئاندىن خۇددى بىركىملەر بىر يەرلەردە ماراپ تۇرغاندەك ئالاقزادىلىك ئىچىدە تېز ـ تېز مېڭىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە « جان چىقسا چىقىدۇكى، بۇ ئىشنى ھەرگىز ئاغزىمىزدىن چىقارمايمىز » دەپ قەسەم قىلىشتى.

## ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك

ئۇلار ئاخشام دېيىشىۋالغىنى بويىچە خۇددى ھېچ ئىش

بولمىغانىدەك ئەتىگەندىلا ئاشخانىغا چىقىپ، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان خىزمەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى.

ئاشخانىدىكى غوللۇق ئۈچ ئادەمنىڭ تونۇگۇن بىر كۈن يوقاپ كەتكەنلىكىدىن رەللە بولۇپ تۇرغان ھوشۇرئاخۇن ئۇستام ئۇلارنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىلا پەيدا بولۇپ، ياۋاشلىق بىلەن ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئازراق غەلىتىلىك ھېس قىلدى ـ يۇ، كۆڭلىدە « ھەي، ماڭا بىرەر ئىش تېرىپ بەرمىگەن بولۇشساڭ بولاتتىغۇ » دەپ ئويلاپ باشقا گەپ قىلمىدى.

تۇرغۇن بىلەن ئابدۇرېھىم سايىسىدىن ئۈركۈپ بىرەر ھەپتىگىچە دەككە ـ دۈككىدە يۈردى، لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا بىرەر شەپە بولمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشۈپ قالدى ئەمما مەتنىياز تېخىچە خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك» دېگەندەك، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە خۇددى دېۋەڭ ئادەمگە ئوخشاش تۇتقان قويغۇننى بىلەلمەي يۈرەتتى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، تۇرغۇن بىلەن ئابدۇرېھىم مەتنىيازنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ خىل نورمالسىزلىقنى بايقاپ، ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلمىدى. ئۇلار يەنە بىر جىنايەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھەم مەتنىيازنىڭ يۈرىكىنى پىشۇرۇش، ھەم ئاز ـ تولا پۇل غەملەش ئىدى.

بىر كۈنى كېچىدە ئۇلار مەتنىيازنى باشلاپ بېرىپ بازاردىكى بىر ئاشلىق سودىگىرىنىڭ گۈرۈچ ئامبىرىغا ئوغرىلىققا كىرىپ 1500 جىڭ گۈرۈچ ئوغرىلاپ چىقىپ تۇرغۇننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ باستى. تۇرغۇن بىلەن ئابدۇرېھىم نېمە ئىشقا بۇيرۇسا مەتنىياز قىلچە بويۇن تولغىمايتتى، بۇ قېتىممۇ ئۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئۈن ـ تىنسىز ئەگەشتى. ئۇ ئۇخلىسا قارا باساتتى، قالايمىقان جۆيلۈيتتى، بەزىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، قايتا ئۇخلاشقا پېتىنالماي ئۆرە ئولتۇرۇپ

تۇنى تاڭغا ئۇلايتتى. ئۇ چۈشىدە دائىم بىر ئايالنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ چۈشەيتتى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئېلىۋالغان بۇ تۇيغۇ ئۇنى بىردەممۇ ئارام تاپتۇرمايتتى.

ئوغلىنىڭ روھىي ھالىتىدە تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن بۇ خىل ئۆزگىرىشنى بايقىغان ئاتا- ئانا ئاخىر بىر كۈنى مەتنىيازنى ئۇستىسىنىڭكىگە ئەۋەتمەي، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى كوچىلاپ سورىدى. چىداپ بولالماي قالغان مەتنىياز ئاخىر چاناقلىرىغا ياش ئېلىپ تۇرۇپ بولغان ئىشنى ئۇلارغا تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دادا پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى- دە، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئىزىدا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئانا بولسا بەزگەكتەك جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. مەتنىيازنىڭ دادىسى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئوغلىنى ئېلىپ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ــ پاجىئەلىك دېلو يۈز بېرىپ 42- كۈنى ئىدى.

مەتنىيازنىڭ دېلو مەلۇماتىغا ئاساسەن رازۋېدكىچىلار باش جاۋابكار تۇرغۇن بىلەن ئابدۇرېھىمنى ئارقا- ئارقىدىن قولغا چۈشۈردى. ئۇلار مەتنىيازنىڭ يول باشلىشى بىلەن جەسەت كۆمۈلگەن جاينى تېپىپ جەسەتنى قېزىپ چىقاردى. جەسەتنىڭ مۇسكۇللىرى چىرىپ ئۇستىخىنىلا قالغان، تېڭىۋېتىلگەن باش قىسمى بولسا ئانچە چىرىپ كەتمىگەنىدى. پولاتتەك پاكىت ئالدىدا تۇرغۇن بىلەن ئابدۇرېھىم جىنايىتىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

## ئەجەل ئوقى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2005- يىل 3- ئاينىڭ 23- كۈنى G ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتخانىسىدا مەزكۇر دېلونى قانۇن بويىچە يېپىق


سوت قىلىپ، جاۋابكار تۇرغۇننىڭ قەستەن قاتىللىق جىنايىتىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا، بۇلاڭچىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 5000 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا، ئوغرىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك 2 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 2000 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا، بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش پىرىنسىپى بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا، قوشۇمچە 7000 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا؛ جاۋابكار ئابدۇرېھىمنىڭ قەستەن قاتىللىق جىنايىتىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا، بۇلاڭچىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 5000 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا، ئوغرىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك 2 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 1500 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا، بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش پىرىنسىپى بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا، قوشۇمچە 6500 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا؛ جاۋابكار مەتنىيازنىڭ قەستەن قاتىللىق جىنايىتىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا، بۇلاڭچىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك 7 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 3000 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا، ئوغرىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك بىر يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 1000 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا، بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش پىرىنسىپى بويىچە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا، قوشۇمچە 4000 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا ھۆكۈم قىلدى. ھۆكۈمنامە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جاۋابكارلار قايىل بولماي ھەممىسى بىردەك ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرزى سۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق

يۈقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى نارازىلىق تەرتىپى بويىچە قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەسلىي سوت ھۆكمىنىڭ دېلو خاراكتېرى ۋە پاكىت قىسمىنى بېكىتىش ئارقىلىق، جاۋابكار تۇرغۇن، ئابدۇرېھىملارغا جازا ئۆلچەش قىسمىنى كۈچكە ئىگە قىلدى. جاۋابكار مەتنىيازنىڭ جىنايىتىنىڭ ئىككى نەپەر باش جىنايەتچىنىڭكىدىن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقى، ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقى، شۇنداقلا دېلونىڭ پاش بولۇشىدا كۆرسەتكەن رولىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازانى قىسمەن ئۆزگەرتىپ، قەستەن قاتىللىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قىلىش، بۇلاڭچىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك 7 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 3000 يۈەن جەرىمانە قويۇش، ئوغرىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك بىر يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 1000 يۈەن جەرىمانە قويۇش، قوشۇپ جازالاپ مۇددەتلىك 20 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قىلىش، 4000 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا ھۆكۈم قىلدى.

رەھىمسىز قاتىللار تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان شەمشىنۇرنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى، ھەقىقىي سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن ئالاقىدار قانۇن ئورۇنلىرى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېنىدىن كىملىك ياكى بىرەر يىپ ئۇچى تېپىلمىغانلىقى، شۇنداقلا جەسەت چىرىپ ئەسلىي ھالىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنچە كۆپ تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ئىگە — چاقىسىمۇ چىقمىدى. ھەقىقىي يۇرتى، سالاھىيىتى سىر پېتى قېلىۋەردى. بەلكىم «شەمشىنۇر» دېگەن ئىسىممۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ئەمەستۇر. بىراق، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى دۆلەت قانۇنى. ئۇ مەيلى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى سەۋەبىدىن ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بۇ

يەرگە كېلىپ قالغان بولسۇن، ۋەتەننىڭ بىپايان زېمىنىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرى ئۇنىڭ ماكانى، ئۇنىڭ يۇرتى. ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۆلەتنىڭ ھەربىر پۇقراسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتى دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. بىنەجەل ئۆلۈپ كەتكەن شەمشىنۇر ئىسىملىك ئايالنىڭ قىساسى 2005-يىل 9-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى جازا مەيدانىدىكى ئادالەت ئوقى ئارقىلىق پاكلاندى. شەھۋەتپەرەسلىك پاتقىقى ئۇلارنى مانا مۇشۇنداق گۇمران قىلدى.

2005-يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر



# ئەسەبىي ئالۋاستى

## سىرلىق كۆلەڭگۈ

1994 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۈن يېرىم بولغان چاغ K ناھىيە بازىرىدىكى كىشىلەر تومۇز ئىسسىقنىڭ ئالدىراشچىلىق ئىچىدىكى بىر كۈنلۈك مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھاردۇق يەتكەن ئېغىر بەدەنلىرىنى ئايۋان ـ ساراي، ئۆگزە ـ بالكونلاردىكى سالقىنراق جايلارغا تاشلاپ ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، تولۇن ئاي كۈمۈش نۇرلىرىنى بۇ قەدىمىي تۇپراققا سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە ئىدى. ئەتراپ تىمتاس، سۈرلۈك، لېكىن بازارنىڭ چىلتەنلىرىم قەبرىستانلىقى ئەتراپىغا جايلاشقان گۆرباغ ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدىكى گۆركار تۇراپ بوۋاينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تار، رەتسىز كوچىدا يوچۇن بىر «كۆلەڭگە» خۇددى چىلتەنلىرىم قەبرىستانلىقىدىن چىققان سىرلىق ئەرۋاھتەك تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئۇ تۇراپ بوۋاينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ، ئەندىككەن ھالدا ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى. ھويلىنىڭ بىر يېرىدىن ناھايىتى پەس، رىتىملىق نەپەس ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە، تىۋىش ئاڭلانمىدى. «كۆلەڭگە» خاتىرجەم بولدى. ئۇ ناھايىتى ئاستا ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن 2 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سۇۋاقسىز قوپال كېسەك تامنىڭ يوچۇقلىرىغا دەسسەپ ئۇڭايلا تام ئۈستىگە چىقىپ، ئۆزىگە خېلى تونۇش بولغان بۇ ھويلىغا چۈشۈپ بىردەم ئارام

ئېلىنىۋالغانىدىن كېيىن، يانىدىكى ئەمەت تۇراپنىڭ ھويلىسىغا پەم بىلەن چۈشتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتى ئەپلىك ۋە شەپىسىز ئىدى.

ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپى خىش ـ كېسەكتىن، ياغاچ ـ شاللاردىن، يۇلغۇن شاخلىرىدىن ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ياسالغان رەتسىز ئۆيلەر، بالىخانىلار، پېشايۋانلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، خۇددى چىلتەنلىرىم قەبرىستانلىقىغا ئوخشاشلا قەدىمىي ئىدى. «كۆلەڭگە» نىڭ كۆڭلى خېلى ئەمىن تاپتى. چۈنكى، بۇ ھويلا مۇشۇ قەدىمىي كوچىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ئارقا بۇلۇڭىدا، ئويمانغا جايلاشقانلىقتىن، ھويلىنىڭ ئىچىدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تاشقىرىدىكى كىشىلەر تاكى تاڭ ئېتىپ زېمىن تەۋرىمىگۇچە بىلەلمەيتتى. « كۆلەڭگە » تىنۇش چىقارماي مېڭىپ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى ئېچىپ، قەدىمىنى ئۆي ئىچىگە ئالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋىجىك تېنى بەزگەكتەك تىترەپ، يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئۇنىڭغا ئاغزى ئېتىۋېتىلگەن گۆرگە ئوخشاش قاپقاراڭغۇ كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە تونۇش بولغان كۈنۈپكىلىق توكچاتقۇنى بېسىپ لامپۇچكىنى ياندۇردى.

سۇپىدا ئۇنىڭ ئىزدەپ كەلگەن ئادىمى ــ 24 ياشلىق يېزا گۈزىلى گۈزەلنۇر ناھايىتى خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى دىمىق بولۇپ، گۈزەلنۇر يوتقاننى بىر چەتكە قايرىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ زىلۋا قەددى ـ قامىتىنى يەڭسىز قىسقا مايكىسى، ئۇچ بۇرجەك كۈسىرى ئازراقمۇ يوشۇرۇپ كېتەلمىگەنىدى. ۋىجىككىنە كەلگەن «كۆلەڭگە» نىڭ چېھرىدە سۈس، يېقىمسىز بىر تەبەسسۇم غىل ـ پاللا پەيدا بولدى، كۆزلىرىدىن بولسا كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان سوغۇق بىر خىل نۇر چاقناپ كەتتى. ئۇ نىشاننى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن لامپۇچكىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئوڭ قولىدىكى ئۆتكۈر پىچاق تۇڭلۇكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي شولىسىدا چاقناپ كەتتى.

گۈزەلنۇر توكچاتقۇنىڭ« چىك- چاك » قىلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، تۆگىلۈكنىڭ ئۈدۈلىدىكى سۇپا گىرۋىكىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان « كۆلەڭگە » نى كۆرۈپ ئۆپكىسى كانىيىغا قاپلىشىپ قالغاندەك نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق ئىدى. گۈزەلنۇر «كىم؟ » دەپ گەپ سوراشقىمۇ پېتىنالماي، يانغا تاشلاپ قويۇلغان ئۇزۇن يەڭلىك مايكىسىنى كىيمەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا « چىك- چاك » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ لامپۇچكا يەنە يورۇدى. گۈزەلنۇر شۇ چاغدىلا « كۆلەڭگە » نى ئېنىق تونۇدى.

— ۋاي خۇدايىم، خاسىيەتمىدىڭىز؟ ئولتۇ......رۇ......ڭ......

ئۇ ئەسلىدە « كۆلەڭگە » ئەمەس، بەلكى ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن، ئەمدىلا 18 ياشقا قەدەم قويغان قىز خاسىيەت ئىدى.

## ئىنسان قېلىپىدىن چىقىش

خاسىيەت ئاۋازىنى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ مۇنداق دېدى :

— سەت سەھرا پاقىسىنىڭ كېرىلىپ يېتىپ كېتىشلىرىنى، بىلىپ قوي، بۇ ئۆيدە يېتىش ئەسلىدە ماڭا مەنسۇپ ئىدى، سەن ئادىشىپ قاپسەن، سېنىڭ قېنىڭنى ئىچمەيدىغان بولسام...... ۋۇي، كىملىكىنى بىلمەي قالغان ئىپلاس پاسكىنا......

گۈزەلنۇر تېخىچە بايىقى مايكىنىڭ يېڭىنى تاپالماي تېپىرلاۋاتاتتى، شۇ تاپتا ئۇ پۇت - قولى چۈشىلىپ قالغان قويغا ئوخشاپ قالغانىدى. خاسىيەت يىرتقۇچ ئالۋاستىدەك گۈزەلنۇرغا تاشلاندى. ئۇ قولىدىكى ئۆتكۈر پىچاقنى ئۇنىڭ دۈمبە، تاغاق، كۆكرەك، قورساق قاتارلىق جايلىرىغا ئارقا- ئارقىدىن تىقتى. گۈزەلنۇر بىر-

ئىككى قېتىم «ۋايجان!» دېيەلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچتى. ئۇ ماغدۇرسىزلىنىۋاتقان پۇت- قولىنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئىشقا سېلىپ قوپۇشقا زورۇققان بولسىمۇ، قان ئېتىلىپ چىقىۋاتقان گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ بەدىنى بىر- ئىككى قېتىم سىلكىنىپ ئاندىن پۇت- قولى قاتتىق تارتىشتى- دە، ئارقىدىنلا جىم بولدى. ئۆلۈم ئۇنى مەڭگۈلۈك قوينىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى، بەخت - تىلەكلىرى، گۈزەل تۇرمۇشى ۋە قىممەتلىك ھاياتى ئاخىرلاشتى. ئەمما، ئۇنىڭ جىسمى خاسىيەتنىڭ كۆز ئالدىدا مەۋجۇت ئىدى. خاسىيەتنىڭ ئاچچىق تېخى بېسىقمىغانىدى. گۈزەلنۇرنىڭ بۇنداق ئاسان ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنى تېخىمۇ رەللە قىلدى:

— ۋۇ پاسكىنا جالاپ، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئازابلىنىش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى تېتىپ بېقىشىڭ كېرەك ئىدى. سېنىڭ بۇنداق ئاسان ئۆلۈپ قۇتۇلۇشۇڭغا ھەرگىز يول قويالمايمەن! سەن جالاپنىڭ پاسكىنا تېنىڭنى بىرچىشلەم ، بىرچىشلەمدىن توغراپ قىيما - چىيما قىلىۋەتمىسەم پۇخادىن چىقمايمەن.

ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن جەسەتنى تۇزلەپ ياتقۇزدى.

— ئېرىمگە يەر تېگىدىن قاراپ، ئۇنى ئازدۇرغان كۆزۈڭ مۇشۇمۇ! ئېرىم بىلەن پىچىرلاشقان قۇلىقىڭ مۇشۇمۇ! ئېرىمنى قۇچاقلىغان كۆكسۈڭ مۇشۇمۇ! ئېرىمنىڭ ئۆيىگە قاترىغان پۇتۇڭ مۇشۇمۇ! مانا ئەمىسە!

ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، پۈتۈن سېزىمىنى ئۆچمەنلىك، شەپقەتسىزلىك چىرمىۋالغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلەپ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن گۈزەلنۇرنىڭ ئىككى كۆزىنى، ئەۋرىتىنى پىچاق بىلەن ئويدى، ئىككى قۇلىقىنى كېسىۋالدى ۋە ئىككى قولىنى

جەينىكىدىن، ئىككى پۇتىنى تىزىدىن كېسىپ تاشلىدى، بەدىنىنى كۆكسىدىن تارتىپ يىرىقىغىچە يېرىپ تاشلىدى، بېشىنى تېنىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇ شۇ تاپتا بەئەينى ئېچىرقاپ كەتكەن، غالجىرلاشقان بۆرىگە ئايلانغانىدى.

ئۇ جەسەتنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، پۇخادىن چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئويۇۋالغان كۆز تۇپچىسى، ئەۋرەت، كېسىۋالغان قۇلاق قاتارلىق ئەزالارنى يېرىلغان قورساقنىڭ ئىچىگە تىقىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، قولىدىكى قانلارنى جەينىكىدىن تارتىپ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە بىرقۇر يالاپ چىقتى. ئۇنىڭچە، بۇنداق قىلغاندا ئادەمنىڭ يۈرىكى يوغىناپ، ۋۇجۇدىدىكى ئەنسىزلىك ، قورقۇنچاقلىق تۈگەيتتى. ئۇ پارچە ـ پارچە قىلىنغان جەسەتكە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كۆڭلىگە يەنە بىر شۇملۇقنى پۈكتى ـ دە، دېرىزىنىڭ نىلون پەردىسىنى تارتىپ چۈشۈرۈپ جەسەتنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى، ياستۇقنى چۇۋۇپ سامىنىنى تۆكتى، ئاندىن هويلىغا چىقىپ جىنچىراغنى، سەرەڭگىنى تېپىپ كىرىپ چىراغدىكى كىرسىننى جەسەتنىڭ ئۈستىگە چېچىپ ئوت قويۇۋەتتى. جەسەت « گۇپ » قىلىپ ئوت ئالدى. ئۆينىڭ ئىچىنى ئاچچىق ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كەتتى. جەسەت پاراسلاپ كۆيگىلى تۇرغاندا، خاسىيەت جەسەتنىڭ ئۈستىگە يوتقاننى تاشلاپ ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. مانا شۇ چاغدىلا خاسىيەتنىڭ ئاچچىقى بىرئاز بېسىقتى. ئۇ ئۆي ئىچىگە سوغۇق نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، بايا ئۆيگە كىرگەن يېرىدىن يەنە شۇنداق چاققانلىق بىلەن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇپۇق سۇس ئاقىرىشقا باشلىغانىدى، يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتتىن مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ سۇرلۇك، لېكىن مۇڭلۇق ئەزان ئەۋازى ئاڭلاندى.

# يورۇغان زېمىن

بۇ قەدىمىي تۇپراقتا يەنە بىر كۈنلۈك ھاياتلىق باشلاندى. گۆركار تۇراپ بوۋاي ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغاندى. ئۇ بامدات نامىزىغا تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى-دە، تام قوشنا ئۆيدىن — ئۆگەي ئوغلى ئەمەت تۇراپنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىن قويۇق ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال « ئوت كەتتى » دەپ توۋلىدى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەي دەرۋازىلار ئېچىلىپ، كىشىلەر بۇ ھويلىغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. تۇراپ بوۋاي جىددىيلەشكىنىدىن شۇ ئەتراپتىكى بىر ساقچىخانىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلدى. ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە كىشىلەر ھويلا- ھويلىلاردىن چېلەك، داسلاردا سۇ كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوت ئۆچۈرۈۋاتاتتى. تاڭ يورۇدى، قۇياش كۆتۈرۈلۈپ زۇلمەت كېچىگە خاتىمە بېرىلدى. ئوتمۇ ئۆچۈرۈلدى، ساقچىلار نەق مەيدانغا كىرگەندە سۇپا ئۈستىدىكى كۈل دۆۋىسىدىن ئادەمنىڭ ھۆ قىلغۇسىنى كەلتۈرىدىغان بەتبۇي پۇراق، قويۇق سېسىق بۇس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ئاۋۇ يەردىن بىر پايخان كۆرۈنۈۋاتامدۇ-قانداق؟— ساقچىلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىۋالغان بىر ئايال شۇنداق دەپلا شۇركۈنۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ كۆزەلىنۇرنىڭ كۆيۈپ چۈچىلا بولۇپ كەتكەن پۇتىنى كۆرگەنىدى. ساقچىلار ئۇ يەرنى ئاختۇردى. كۈل ئارىسىدىن كۆسەيدەك كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، نەم ھور چىقىۋاتقان جەسەت — پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەن، بەزى يەرلىرى كۆمۈردەك قۇرۇپ قېتىپ قالغان، بەزى يەرلىرى قوڭۇر رەڭدە سارغىيىپ كەتكەن مۇسكۇل، ئۇستىخانلار چىقتى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ مۇشۇ ئۆيگە يېڭىدىن كېلىن بولۇپ كىرگەن گۈزەلىنۇر ئىكەنلىكىنى ساقچىلار ئېنىقلاپ چىقتى.

قاتىل كىم ؟

قۇۋ تۇلكىمۇ ھامان بىر كۈنى ماھىر ئۇۋچىنىڭ قاپقىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. جىنايەتچى خاسىيەت پۇتىغا ئاياغ كىيىپ كەلگەن، قايتىشتا يالاڭئاياغ بولۇپ ئىزىنى ئۆچۈرۈپ ماڭغان ۋە نەق مەيداندا ئىز قالدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ماددىي پاكىتلارنى جەسەت بىلەن بىرلىكتە كۆيدۈرۈۋەتكەن ھەمدە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئۆستەڭگە بېرىپ يۇيۇنۇپ، پۇت ـ قول، يۈز ـ كۆز، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە يۇققان قانلارنى تازىلىۋەتكەن، پىچاقنى ئۆستەڭگە تاشلىۋەتكەنىدى. بىراق، بۇ يىرتقۇچ تۈلكە يەنىلا تۇمشۇقىدىن ئىلىنىدى.

## بوتۇلكىدا قالغان ئىز

13ـ ئاۋغۇست يۈز بەرگەن پاجىئەلىك دېلو K ناھىيە تەۋەسىدە زور تەسىر پەيدا قىلدى. 24 ياشلىق گۈزەلنۇر پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، جەسىتى پارچىلىنىپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى. بۇنداق قەبىھ دېلو بۇ ناھىيە تارىخىدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

K ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇ دېلوغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جىنايەتچىنى قەيەردىن بولمىسۇن تېز پۇرسەتتە قولغا چۈشۈرۈپ، دېلونى ۋاقتىدا پاش قىلىش ئۈچۈن دەرھال قابىل رازۋېدكىچىلاردىن مەخسۇس دېلو پاش قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. دېلو گۇرۇپپىسى نەق مەيداننى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلدى. ئۆيلىنىمىغان يەردىن ھويلا تېمىنىڭ ئىشىككە يېقىن بىر يېرىگە ئېسىپ قويۇلغان، چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن، ئاخشامقى جىنايى شۇملۇقلاردىن ئامان قالغان بىر پىۋا بوتۇلكىسىدىن يېڭىدىن قالدۇرۇلغان روشەن بىر بارماق ئىزى بايقالدى. بۇ مۆجىزىدەكلا مۇھىم بىر دەلىل ـ ئىسپات ئىدى. دېلو گۇرۇپپىسى بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن تورنى كەڭ يېيىپ، گۈزەلنۇر ۋە

ئۇنىڭ ئېرى ئەمەت تۇراپ قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق كىشىلەرنى ئىنچىكە تەكشۈردى، سۆھبەت خاتىرىسى قالدۇرۇلۇپ، بارماق ئىزى ئېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە جىنايەتچى خاسىيەتمۇ بار ئىدى. تېخنىكىلىق باھالاش ئارقىلىق پىۋا بوتۇلكىسىدىكى بارماق ئىزى بىلەن خاسىيەتنىڭ بارماق ئىزى ئوپمۇئوخشاش چىقتى.

ئەسلىدە خاسىيەت جىنايەت سادىر قىلىپ بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدا ئىشىكنى تاقاش جەريانىدا ھېلىقى پىۋا بوتۇلكىسىغا قولى تېگىپ كەتكەنىدى. روشەنكى، ئۇ بۇنداق بولۇشىنى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرگۈزەلمەيتتى. ئۇنىڭ قولىغا پارقىراپ تۇرغان پولات كويىزا سېلىنغاندا، ئۇ ياۋاش قويغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ياشلار توختىماي دومىلاپ چۈشەتتى.

## كۈنداشلىق

سۇرلۇك، ھەيۋەتلىك سوت زالى. ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلارنى سوت قىلىش كوللېگىيەسى 1995-يىل 6- ئاينىڭ 19- كۈنى K ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت زالىدا جاۋابكار خاسىيەتنى رەسمىي ئوچۇق سوت قىلدى. باش سوتچى جاۋابكار خاسىيەتنىڭ جىنايى قىلمىشىنى سوتتا تەكشۈرۈپ كېلىپ مۇنداق سوئال قويدى:

— جاۋابكار خاسىيەت، سېنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى گۈزەلنىڭ قەبىھلەرچە ئۆلتۈرۈپ، جەسەتنى پارچىلاپ ئوت قويۇۋېتىشىڭگە نېمە سەۋەب بولدى؟

سوتخانا ئىچى جىمجىت، سوتنى چەتتىن ئاڭلاشقا كىرگۈچىلەر بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا بەكمۇ قىزىقاتتى. جاۋابكار خاسىيەتنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى......

كىشىلىك ھاياتتا تۇنجى توي، بولۇپمۇ كۆيۈپ ـ پىشىپ ئېلىپ ـ تېگىشكەن توي شۇنداق كۆڭۈللۈك، بەختلىك، تاتلىق بولىدۇ. ھەممە كىشىگە ئوخشاش خاسىيەتنىڭمۇ بەخت ھۇزۇرىغا چۆمگەن، تاتلىق سۆيۈنگەن، خۇشال ـ خۇرام، گۈزەل، ئەسلىمىلىك كۈنلىرى بولغان. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن، چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن ئەمەت تۇراپ بىلەن 1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى توي قىلغان. تويدىن كېيىن ئۇ ئېرىگە بەكمۇ ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمەت تۇراپمۇ مىجەزى ئوبدان، ئادەمگە كۆيۈنۈشنى بىلىدىغان، ئىشچان يىگىت ئىدى. بۇ بىر جۈپلەرنىڭ تۇرمۇشى مېھىر ـ مۇھەببەتلىك كېتىۋاتاتتى. خاسىيەت ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك قىز دەپ قارايتتى. ئۇ بۇ بەختلىك كۈنلىرىنىڭ مەڭگۇ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بەختىنى بىراۋ تارتىۋالىدىغاندەك ئېرىدىن بىردەممۇ ئايرىلماي يۈرەتتى. بۇ ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن ئەمەت تۇراپنى تويدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ پىسخىكىسىدىكى گۇمانخورلۇق كېسىلىنىڭ قىسمەن ئىپادىلىنىشى ئىدى.

« قورققان يەردە جىن بار » دېگەندەك، ئۇ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئۇنىڭ بەختلىك كۈنلىرىمۇ ناھايىتى تېزلا ئاخىرلاشتى. ئۇلار توي قىلىپ 3 ــ 4 ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەي قۇدىلار كېلىشەلمەي، سەت تىللىشىپ جېدەل قىلىشتى. بۇ جېدەلنىڭ قۇربانى دەل خاسىيەت بولدى. خاسىيەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلى قۇدىسىدىن قاتتىق ئازار يېگەنلىكى ئۈچۈن، خاسىيەتنى شۇ كۈنلا قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ كېتىپ يامانلىتىۋالدى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇۋالدى. ئاتا ـ ئانىلار بۇ « ئەتىۋارلىق قىز » نى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئوغلى بىلەن ئۆي تۇتقۇزۇشنى خالىمايتتى.

خاسىيەت بۇ ئىشلارنىڭ خۇددى چۈشكە ئوخشاش تېز ۋە

كۆتمىگەن نەتىجە بىلەن ئاخىرلىششىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ خېلى ئاچچىقى كەلگەن بولغاچقا، خاسىيەت ئۇلارغا دادىل قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى. ئېرى بىلەن دېيىشىپ، ھازىرچە ئاجرىشىپ تۇرۇش، بىر مەزگىل كۆتۈپ تۇرۇپ چوڭلارنىڭ ئاچچىقى يانغاندا يارىشىۋېلىشقا كېلىشتى. نىكاھتىن ئاجرىشىش ماجىراسىدا خاسىيەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولدى. ئەمەت تۇراپنىڭ ئاتا - ئانىسىغىمۇ بۇ ئىشلار تازا ھار كەلدى. « تووۋا، ئىۋۇ خەقلەر ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئەجەب ئەگدىيا، جاھاندا خۇددى خاسىيەتتىن باشقا قىزبالا يوقتەك. قىزىڭنى ئاپىرىپ چېكەڭگە تېڭىش، ئۇنى بۈگۈن ئېلىپ كەتسەڭ، ئوغلۇمنى ئەتە ئۆيلىمىگىنىمنى كۆرۈش، خەپ......»

ئاتا - ئانا دېگەن ھامان باللاردىن چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىنىڭ گېپىگە شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك، دەپ قارايدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بار. خاسىيەتنىڭ ئاتا - ئانىسى نوچىلىق قىلىپ قىزىنى ئاجراشتۇرۇۋالغانغا ئوخشاش، ئەمەت تۇراپنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئوغلىنىڭ ئىرادىسى، ماقۇللۇقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، ئۇلار ئاجرىشىپ ئىككى ئاي ئۆتە- ئۆتمەيلا ئوغلىنى گۈزەلنۇرغا ئۆيلەپ قويىدى.

گۈزەلنۇر بۇرۇن بىر قېتىم نىكاھلىق بولغان، ئەمەت تۇراپ بىلەن بىر نەۋرە تۇغقان كېلىدىغان ئاق كۆڭۈل، ساددا، گۈزەل سەھرا قىزى ئىدى. مىجەزى رايىش ئەمەت تۇراپ ھۆسن - جامالى، بوي - تۇرقى ئېۋۈنسىز كەلگەن گۈزەلنۇر بىلەنمۇ ناھايىتى ئېزىلا كېلىشىپ قالدى.

خاسىيەتنىڭ يۈرىكىدە كىشىنى قاتتىق قىينايدىغان رەھىمسىز بىر ئوت كېچە - كۈندۈز توختىماي كۆيمەكتە ئىدى. « توي قىپتۇ، ئاجرىشىپ كېتىپتۇ » دېگەن گەپنى دېمەك ناھايىتى ئاسان بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى بېشىغا كەلگەن ئادەم

بىلىدۇ. خاسىيەت ئۆزىنىڭ غەمسىز ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى، كىشىنى بىردەم شېرىن ۋەسۋەسىگە سالىدىغان، بىردەم كېچىلەرنى تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلايدىغان ئاشۇ مىنۇتلارنى ئويلايتتى. سۆيگۈ- مۇھەببەتكە تەشنا رەسىدە چاغلار، توي كېچىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي داۋاملاشقان چەكسىز شېرىن كېچىلەر......

«ھەي، بۇ شېرىن مىنۇتلار مۇشۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك تۈگىدىمۇ؟ ئەجەبا مەن بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇشۇپ كەتكەن ئەمەت تۇراپ مانا ئەمدى ئاشۇ سەھرا پاقىسىنىڭ بولۇپ كەتسە ـ ھە؟ ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، بىر مەزگىل ئۆتۈپ چوڭلارنىڭ ئاچچىقى يانغاندا قايتىدىن يارىشىۋالماقچى ئىدىققۇ ؟ بۇنى ئەمەت ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ كېچىلىرى ماڭا دەيدىغان تاتلىق سۆزلىرىنى ئاشۇ سەھرالىققىمۇ دەمدىغاندۇ؟ ئاھ ...... بۇ نېمىدېگەن قاباھەت! توختا، ئەمەت بىلەن بىر كۆرۈشەي، ئۇ ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپمۇ كەتمىگەندۇ؟ »

خاسىيەت ئەمەت تۇراپنىڭ ئىش ئورنى، ماڭىدىغان يولى قاتارلىق جايلارنى كۆزىتىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشتى. ئەمەت تۇراپ ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن، كۆيۈنگەن ھالدا مۇئامىلە قىلدى. ئۇ خاسىيەتكە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پىكرىنى يىرالمىغانلىقىنى، گۈزەلنۇرنىڭمۇ ئوبدان قىزلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئاجرىشىپ يۈرسە بەختسىزلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ توي ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە بولغانلىقتىن، ئالاھىدە سەۋەبلەر بولمىسا ئاجرىشىشنىڭمۇ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى؛ خاسىيەتنىڭ يېرىم بولغان كۆڭلىگە بىرھازا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە كېيىنكى تۇرمۇشىغا سەمىمىي بەخت تىلىدى.

خاسىيەت چۈشەندى. « ئەسلىدە مېنىڭ بەختىمگە ئولتۇرغان، تۇرمۇشۇمنى خانىۋەيران قىلغان، ئېرىمنى تارتىۋېلىپ تۇرمۇشۇمنى بۇزغان ئادەم دەل ئاشۇ سەھرالىقكەن-دە. ۋۇ قۇۋ تۈلكە، ياۋاش

قىياپەتكە كىرىۋېلىپ سەھرادىن ئادەم چىقمىغاندەك مېنى بوزەك ئەتكىنىنى قارا، مەن سېنى بۇرۇن كۆرگەندە خېلى دۇرۇس قىزكەن دەپ ئويلاپتىمەن. ئارا كۈندە ئالتە قېتىم ئاناڭ بىلەن قاتراپ كىرىپ 〈 هامما ئاچامنى يوقلاپ كىردۇق 〉 دېسەڭ، راست ئوخشايدۇ دەپتىمەن. ئەمەتكە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ، سۆيۈڭنى چىقىرىپ جىلمايساڭ، تېخى تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن سالام- سەھەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئەسلىدە 〈 مۇدىكى بارنىڭ خۇدۇكى بار 〉 دېگەندەك، ئىرىمنى سەن جالاپ ئازدۇرۇپ كېتىپتىكەنسەن. ئەمەتنىڭمۇ ئۇنىڭغا تۇتقان قىزغىن مۇئامىلىسى ۋە بىزنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىمىزگە شۇنچە ئوڭايلا ماقۇل بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن. ۋۇ ئەرسىراپ كەتكەن قانجۇق، ئەر ئوغرىسى جالاپ، خەپ سېنى......»

ئويلىغانسېرى خاسىيەتنىڭ ئىچى ئۆرتىنەتتى، غەزەپكە كېلەتتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ توغرا، موللامغا، داخانغا ئوقۇتۇش كېرەك. ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن سوۋۇتۇۋېتىش كېرەك. ئۇلار ئۇرۇشسۇن، دۈشمەنلەشسۇن، نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتسۇن. ئاۋۇ ھىيلىگەر سەھرالىق كېتىپ ئۆز نېسىۋىسىگە تۇشلۇق ئەر تېپىپ تەگسۇن. ئەمەت دېگەن مېنىڭكى، مەڭگۈ مېنىڭكى......»

ئۇ ئەمەت تۇراپ بىلەن ئۈچ ئايدىن ئارتۇقراق ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، « بىر كۈنلۈك ئەر- خوتۇننىڭ يۈز كۈنلۈك مېھرى بار » دېگەندەك، ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ، يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەتچىلىك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ تۇل ئولتۇرغان مۇشۇ كۈنلەردە خېلى ئوبدان يەرلەردىن ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئەمەت تۇراپ بىلەن ئاشۇ بىر ئېغىزلىق كونا، كىچىك ئۆيدە ئۆتكەن مىنۇتلار ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ تېز ئۆتۈپ كەتكەن چاغلىرى ئىدى. بۇ بەختكە ئۇنى ئەمەت ئېرىشتۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر

دىلكەش ئادەمنى ئاشۇ سەھرالىق تارتىۋالسا ـ ھە. «ياق، بۇنىڭغا ھەرگىز سۈكۈت قىلىشقا، يول قويۇشقا بولمايدۇ. باشقىلار يول قويالىسىمۇ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. بۇنداق كەڭ قورساقلىق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. »

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتتى. خاسىيەت توساتتىن مولا، داخاننىڭ كارامىتىدىنمۇ شەكلەندى. « قۇرۇپ كەتسۇن ئۇ ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ دېگەنلىرى، ئۇلار نېمە قىلالايتتى؟ ئەڭ ياخشى چارە پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ بۇ دۇنيادا يا مەن، يا ھېلىقى سەھرا پاقىسى ياشىشى كېرەك. بىز ئىككىمىز بۇ كىچىككىنە زېمىنغا سىغىشالمايمىز. شۇنداق قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىنمۇ ئۇنۇملۇك چارە يوق. مۇشۇنداق قىلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلىش كېرەك......»

ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا، قولى ئىشقا بارمايتتى. ئولتۇرسا ـ قوپسا شۇ ئىشلارنى ئويلايتتى، ئۇ ئويلاۋېرىپ نېرۋىسىدىن ئاداشتى. ئاخىر ۋەھشىيلىك بىلەن قولىدىن كەتكەن بەختىنى قايتۇرۇپ كېلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ ھەر قېتىم ئەمەت تۇراپ بىلەن گۈزەلنۇرنىڭ ھېلىھەم بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىپ ناھايىتى ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقى ئېسىگە كەلسىلا، يۈرىكى چايان چاققاندەك ئازابلىنىپ كېتەتتى، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ئەسەبىيلىشەتتى. ئۇ بازاردىن پىچاق سېتىۋالدى، بىرنەچچە كۈن تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ شۇ كۈنى كەچتە ئەمەت تۇراپنىڭ كېچىلىك ئىسمېنىغا چىقىدىغانلىقىنى، گۈزەلنۇرنىڭ ئۆيدە يالغۇز قالىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇ تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى تۈگىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، پىچاقنى ئىشتان يانچۇقىغا سېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ، ئەمەت تۇراپنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدى...... ئۇ يۈرىكىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى شەپقەتسىزلەرچە قىيناۋاتقان كۈنداشلىق ئازابىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلماقچىدى. لېكىن......

# قايتقان قىساس

1996-يىل 1-ئاينىڭ 31-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 لەردە K ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىدىكى تېرەكلىك چوڭ ئاسفالت يولدا ھەيۋەتلىك بىر ئاپتوموبىل كالونناسى تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى. ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، شۇنداقلا K ناھىيەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن تەشكىللەنگەن ساقچى ماشىنىلىرى ئىدى. ماشىنىلارنىڭ ئۈستىدىكى سىگنال چىرىغىمۇ يالت - يۇلت قىلىپ قىزىل، يېشىل، سېرىق نۇرلارنى چېچىپ، ناھايىتى سۈرلۈك ئاۋازدا ھۇقۇيتۇپ تۇراتتى. ئەڭ ئالدىدىكى « شەرق شاملى » ماركىلىق نوقۇت رەڭدە سىرلانغان چوڭ ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا ۋىجىك، چىرايى سوغۇقتىنمىكىن ياكى ئەزرائىلنىڭ ۋەھىمىسىدىنمىكىن تاتىرىپ كەتكەن بىر ئايال تۇراتتى. ئۇنىڭ قولى باغلانغان، ساقچىلار گەجگىسىدىن مەھكەم قاماللىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغان ئاق سېرىق رەڭدىكى تاختىغا « قەستەن قاتىللىق قىلغان جىنايەتچى خاسىيەت رۇسۇلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى » دېگەن خەتلەر ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىلغانىدى.

يول بويىدا بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەر ئاشۇ ئەڭ ئالدىدىكى چوڭ ماشىنىدىكى ئايالنىڭ جازا مەيدانىغا ئاپىرىلىپ ملتىق بىلەن ئېتىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. لېكىن، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان گۇناھكارنىڭ ناھايىتى ياش ئايال ئىكەنلىكىدىن بەكمۇ ھەيران قالدى.

كىشىلەرنىڭ بەزىسى «توۋا» دېيىشىپ ياقىسىنى تۇتۇشسا، بەزىسى « قانۇن دېگەن ئادىل، قىلنى قىرىققا يارىدۇ.

ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، ئۇنىڭ جىنايىتى بەك قەبىھكەن. ئۇنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ بۇ ئىشنى ئاشۇ قىز بالىنىڭ قىلغانلىقىغا ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋەھشىيلىكىنى دۆلەت قانۇنىمۇ، شەرىئەت قائىدىلىرىمۇ كۆتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇ جازا ناھايىتى جايىدا بوپتۇ » دېيىشەتتى.

ئاپتوموبىل كالونناسى ناھىيە بازىرىدىن 10 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى قارا دۆۋە جازا مەيدانىغا بېرىپ توختىدى. جىنايەتچى خاسىيەت يولنىڭ بىر چېتىدىكى قۇم بارخانلىرى ئىچىگە ئېلىپ بېرىلىپ، باغلانغان قولى بوشىتىلدى. پۇتىدىكى ئېغىر كىشەن ئېلىۋېتىلدى. قانۇن ساقچىلىرى ئۇنى ئاۋايلاپقىنا تىزلاندۇردى. قولىغا نېپىز ئاق سۇلياۋ پەلەي كىيگەن قانۇن دوختۇرى ئۇنىڭ تاغىقىنى بىر ـ ئىككى قېتىم مۇجۇقلاپ ئوق ئېتىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، سول تاغىقىنىڭ ئاستىغا، يۈرەكنىڭ ئۇدۇلىغا ئىككى پۇڭلۇق تەڭگە چوڭلۇقىدا بىر دۈگىلەك بەلگە قىلىپ قويدى. قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ بىر بەن ئەسكىرى قولىلىرىدىكى يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقنىڭ سۈرلۈك ئاغزىنى ئاشۇ دۈگىلەك بەلگىگە توغرىلىدى. خاسىيەتنىڭ ۋۇجۇدى تىترەيتتى...... ئۇ شۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ مىلتىقنىڭ ھېسسىياتسىز ئىستوۋۇلى ئۇنىڭ يۈرىكىگە توغرىلاندى. باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ «پاڭ» قىلغان كۈچلۈك، يېقىمسىز ئاۋاز ئەتراپنى لەرزىگە سالدى. تىك قۇملار سىيرىلىپ چۈشتى، زېمىن تەۋرىگەندەك بولدى. خاسىيەت پۇت ـ قولىنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئىشقا سېلىپ دۈم يىقىلغان جايىدىن كۆتۈرۈلمەكچى بولۇپ زورۇققان بولسىمۇ، لېكىن قان ئېتىلىپ چىقىۋاتقان گەۋدىسىنى يەردىن ئۈزەلمىدى. ئۇنىڭ بەدىنى بىر ـ ئىككى قېتىم قاتتىق سىلكىنىپ، ئارقىدىن جىم بولۇپ قالدى. ئۆلۈم ئۇنى مەڭگۈلۈك قوينىغا ئالدى.

ئۆلۈم ھەققەتەن دەھشەتلىك. گۈزەلنۇرنىڭ پاجىئەلىك

تەقدىرى جىنايەتچى خاسىيەتكە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى بۇ يۇرتتىكى پۇقرالار ئارىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قوزغىدى. ئۇلار، مۇنداق دېيىشتى: «بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن بىچارە گۈزەلنۇرنىڭ روھى مانا ئەمدى ئەمىن تاپىدىغان بولدى. ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ گۇناھىدىن كەرىمى كەڭ ئاللامۇ، ھۆكۈمەتمۇ ئۆتمەيدۇ. ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، تىنچلىقنى، ھاياتنى قەدىرلەيدىغان بارلىق كىشىلەر تېخىمۇ ئۆتمەيدۇ. چۈنكى، ئادەم ئۆلتۈرۈش ــــ ئادەم قىلىدىغان ئىش ئەمەس».

1996ـ يىل فېۋرالدا يېزىلدى،
2006ـيىل ئىيۇندا تۈزىتىلدى.



# رەسۋا خوتۇن

(ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ جىنايەت تىراگېدىيەسى توغرىسىدا)

1

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

مەن جاۋابكار داۋۇت روزى بىلەن روزى داۋۇت ئاتا ـ بالىنىڭ پەۋقۇلئاددە زور قاتىللىق دېلوسىنى تەكشۈرۈش، سوت قىلىشقىچە بولغان پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، مەزكۇر دېلونىڭ تەپسىلاتىنى تولۇق ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. بىر «ئانا» (دىلروزىخان) بىلەن بىر «دادا» (جۇمە ياسىن) دىن ئىبارەت ئىككىيلەننىڭ نومۇسسىزلارچە ئىشقىۋازلىقى تۈپەيلىدىن، دادا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ تۆت ئادەمنى بىھۇدە ئۆلتۈرۈۋېتىشىدەك تىراگېدىيە كۈچلۈك نەپرەت تۇيغۇسىنى قوزغىدى. بۇ كەچمىشنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

2

تەشكىل ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. چۈنكى، ئۇ تىرىشچان، ئىرادىلىك، سەۋرچان، ياۋاش ئادەم ئىدى. ئۇ چارۋامال دوختۇرلۇقى بىلەن شۇغۇللانغان 20 يىلدەك ۋاقىتتىن بېرى قىش ـ ياز، ئىسسىق ـ

سوغۇق دېمەي، كەنتمۇكەنت، مەھەللىمۇ مەھەللە، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ كوللېكتىپنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مىڭلىغان مال چارۋىلىرىنىڭ، ئۆي قۇشلىرىنىڭ ساغلام كۆپىيىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇپ، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ ئىتائەتچان تۆمۈر ئۆكۈزگە ئوخشاش ئىش- ئەمگەكتىن، ھېرىپ- چارچاشتىن قورقمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا تەشكىل ئىشىنىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. كومپارتىيە ئۇنىڭغا قوينىنى كەڭ ئاچقانىدى.

ئۇ تەشكىلدىن رازى ئىدى. چۈنكى، تەشكىل ئۇنى تەربىيەلىدى، ئۇنىڭدەك بىر نامرات دېھقان بالىسىنىڭ تېببىي تېخنىكوم، يېزائىگىلىك تېخنىكوملىرىدا ئوقۇپ، تەربىيەلىنىپ يېتىشىپ چىقىپ، بۇگۈنكى كۈندە چارۋا مال دوختۇرلۇق كەسپىدە بىر تايانچ خادىم بولۇپ چىقىشىنى تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. تەشكىل ئۇنىڭغا ئىشەندى، 20 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت جەريانىدا تەشكىل ئۇنى كۆپ قېتىم ئىلغارلار قاتارىدا مۇكاپاتلىدى، پارتىيە ئۇنىڭغا ئۆز قوينىنى ئاچقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى بولغانلىقىدىن تولىمۇ پەخىرلىنەتتى. شۇڭا، ئۇ يىللارنى ئۈن - تىنسىز، جاپالىق ئىشلەپ ئۆتكۈزگەنىدى. تەشكىل ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دەپ شەرەپلىك نام بەردى. ئۇ بىر ئۆمۈر ياخشى ئىشلەپ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ھەممە ئادەمگە ئوخشاش داۋۇت روزىنىڭمۇ بەختلىك، گۈزەل ئائىلىسى بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ گۈزەل ئائىلىسىنى ۋە غۇنچە بوي، بۇغداي ئۆڭ، گەپ- سۆزلىرى، ئىش- ھەرىكىتى، مىجەز- خۇلقى

ياخشى ئايالى دىلروزىخاننى ياخشى كۆرەتتى. ئۆزىنى، ئايالىنى، باللىرىنى ۋە پۈتۈن ئائىلىسىنى ئىنتايىن بەختلىك دەپ ھېس قىلاتتى. كەلگۈسىگە زور ئۈمىد بىلەن قارايتتى.

دىلروزىخان تۇرۇۋكرەك ئوقۇمىغان دېھقان قىزى بولسىمۇ، داۋۇت روزى ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن تۇغۇلغان ئالتە پەرزەنتكە ئاتا-ئانا بولۇشتى.

3

داۋۇت روزى N ناھىيەسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى چارۋا مال دوختۇرى ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى دىلروزىخان 1990- يىلىدىن بېرى ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك، تۈت بالىسى بار شۇ مەھەللىلىك جۇمە ياسىن بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ، ناتوغرا ئەر- ئايالىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. داۋۇت روزى، باللىرى، جۇمە ياسىننىڭ خوتۇن - باللىرى، تۇغقانلار ۋە جامائەت ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىشنى سېزىپ قالدى. داۋۇت روزى بۇ ئىش توغرىسىدا دىلروزىخانغا ئېغىز ئاچقاندا، دىلروزىخان بۇ ئىشنى نومۇسسىزلارچە ئېتىراپ قىلدى. داۋۇت روزى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى ۋە ئازابلىنىپ يۈرىكى پۈچىلاندى. ئۇ دىلروزىخانغا ئېغىر- بېسىقلىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ باللارنى ئويلاشنى، بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشنى ئېيتقان بولسىمۇ، دىلروزىخان خىجىل بولۇش، قول ئۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ھېچ كىشىدىن تەپ تارتماي، جۇمە ياسىن بىلەن تېخىمۇ ئاپئاق - چاپپاق بولدى. بۇ كۆنلەردە دىلروزىخان بەئەينى كۆسۈك ئىتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. داۋۇت روزى گاڭگىراپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ دىلروزىخاندىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان ئالتە بالا بار ئىدى. ئۇ

يەنىلا دىلروزىخانغا سەۋرچانلىق بىلەن كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلدى، دىلروزىخان زادىلا ئاڭلىمىدى. غەزىپى چېكىگە يەتكەن داۋۇت روزى دىلروزىخاننى بىر- ئىككى قېتىم قاتتىق ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن دىلروزىخان داۋۇت روزىغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇپ، جۇمە ياسىن بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

1993- يىلى 8- ئايدا دىلروزىخان داۋۇت روزىنىڭ خىزمەت ئورنىغا بېرىپ بىشەملىك بىلەن ئۇنىڭغا يەنە ئاجرىشىش تەلىپىنى قويدى. داۋۇت روزىنىڭ بېشى ئىنتايىن قاتقان بولسىمۇ، لېكىن دىلروزىخانغا كەڭ قورساقلىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ، ئوتتۇرىدىكى ئالتە نارەسىدىنى كۆزدە تۇتۇپ بولسىمۇ ئەستايىدىل ئويلىشىپ بېقىشنى ئېيتتى. بالىلارنىڭ چوڭى ئەمدىلا 18 ياشقا، كىچىكى تېخى ئۈچ ياشقىمۇ توشمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئالتە پەرزەنتنى يېتىملىك، بەختسىزلىكتىن ساقلاپ قېلىش، مىڭبىر جاپادا تىكلىگەن ئائىلە ئىگىلىكىنى خانىۋەيران قىلماسلىق ۋە يۇرت- جامائەت ئالدىدا ئائىلىسىنىڭ نومۇسىنى ئازراق بولسىمۇ يېپىپ قېلىش ئىدى. لېكىن، بۇ يەرگە دىلروزىخان بىلەن ئىز قوغلىشىپ كەلگەن جۇمە ياسىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەتراپتىكىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ داۋۇت روزىغا: « دىلروزىخان ئىككىمىز بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئەر- خوتۇندەك بولۇپ كېلىۋاتىمىز. بىزدە پەقەت توي خېتىلا كەم، غۇرۇرۇڭ كۆتۈرسە ئۆزۈي تۇت ، بولمىسا خېتىنى بەر ، ئىگىسى مەن » دېدى .

بۇ ئەركەك تۈكى بار ھەرقانداق بىر ئادەمگە كۆتۈرۈپ قويغۇسىز ئېغىر ھاقارەت ئىدى .داۋۇت روزىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ، قېنى قىزىدى. لېكىن، ئۇ پەيلى شەيتانغا يەنىلا ھاي بېرىپ ئۆزىنى يەنىلا بېسىۋالدى ۋە شۇ ئاي ئىچىدىلا تەشكىل ئارقىلىق دىلروزىخان بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن دىلروزىخان «ھۆرلۈك » كە ئېرىشىپ، جۇمە ياسىن بىلەن تېخىمۇ ئاشكارا

ئاپاق- چاپاق بولۇشۇپ يۇردى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئەدلىيە تارماقلىرى، يەرلىك تەشكىلىي ئورۇنلار ئۇلارغا سىلىق ، قاتتىق تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇنى قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. جامائەت ئۇلارنى ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار يۈزىنى داپتەك قىلىپ: «نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۆزىمىزنىڭ ئىشى. بۇ قانۇنغا خىلاپ ئەمەس، ئەگەر قانۇنغا خىلاپ كەلسە بىزگە چارە كۆرسە بولىدۇ. بىز قانۇنلۇق تۇرمۇش قۇرماقچى، شۇڭا بۇ ئىشقا باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق » دېدى .

جۇمە ياسىنمۇ قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئايالىدىن ئاجراشماقچى بولدى، لېكىن ئايالى ئۇنىڭ پىكرىنى كەسكىن رەت قىلىپ، بالىلارنى يېتىم قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن دىلروزىخاننىڭ جۇمە ياسىن بىلەن «قانۇنلۇق تۇرمۇش قۇرۇش » تەك شېرىن چۈشى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇلارنىڭ «ئوتتەك مۇھەببەت» ىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە سۇسلاشتى. ئۇلاردىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، جامائەت قاتتىق يىرگىنىپ نەپرەت ياغدۇردى. يۇرت مۆتىۋەرلىرى، تۇغقانلار قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلەپ، سەۋرچانلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، داۋۇت روزى بىلەن دىلروزىخاننى 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياراشتۇرۇپ قويدى. چۈنكى، داۋۇت روزى يەنىلا بالىلارنى ئويلىدى. دىلروزىخانمۇ قوناقلىق، ئېرىق بويلىرى، تاشلاندۇق كونا ئۆيلەردىكى«ئەر - خوتۇن»لۇق تۇرمۇشتىن ئاز - تولا زېرىككەنىدى.

## 4

دەرۋەقە، بىر قېتىم دەز كەتكەن تۇرمۇش كىشىنى ھامان خاتىرجەم قىلمايدۇ. دىلروزىخان پەيلى شەيتىنىغا ئاز - تولا يۇگەن

سالغان بولسىمۇ، جۇمە ياسىن يەنىلا كونا خۇيىدىن قول ئۈزمەي، دىلروزىخاننىڭ ئۆيى ئەتراپىنى پات ـ پات ئارىلايدىغان، دىلروزىخاننى كۆرسە بازلاپ چۆرىسىدىن كېتەلمەيدىغان، ھەتتا داۋۇت روزىنىڭ 18ياشلىق چوڭ ئوغلى روزى داۋۇتقا: « پۇل بېرەي، ئاناڭنى تووۋلاپ قوي» دەيدىغان قىلىقلارنىمۇ چىقاردى. داۋۇت روزى ئۆزىنى توختىتىۋالغان، سالماق، بەرداشلىق ئادەم بولغاچقا، بۇنداق خورلۇقلارغا سوغۇق قانلىق بىلەن چىداپ كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى تېخى تۇتۇۋالالمايدىغان، قېنى قىزىق ئوغلى روزى داۋۇت بۇنداق ھاقارەتلەرگە چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ، بەستلىك، خوتۇن ـ باللىرى بار بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئانىسىغا ھاقارەت قىلىشىدىن خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى باشقىلارنىڭ ئانىسىدەك « پەرىشتە » لەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بەربىر ئۇنىڭ ئانىسى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە قوغداش ئۈچۈن، جۇمە ياسىننىڭ بۇ رەزىل تەلپىنى رەت قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭمۇ ئاجىزلىق تەرىپىنى تۇتۇۋېلىپ تىللاپ، كىشىلەر ئالدىدا قاتتىق دەككىسىنى بەردى. شۇ سەۋەبتىن جۇمە ياسىن ئۇنى كۆرگەنلا يەردە ئۇردى، قاچسا مەھەللىگىچە سۇرۇپ ئاپاردى. روزى داۋۇت تەڭتۇش بۇرادەرلىرى بىلەن تۇرغان جايلارغا كېلىپ: « ئاناڭنى بىرنەچچە يىلدىن بېرى خوتۇن قىلىپ كېلىۋاتىمەن. سەن يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن كىشىلەرگە قارىيالايسەن » دېگەندەك تېخىمۇ پاسكىنا سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەپ چىشىغا تەگدى. كىشىنىڭ يۈرىكىنى چىدىغۇسىز ئېچىشتۇرىدىغان بۇنداق جېدەل پات ـ پات تەكرارلىنىپ تۇردى.

## 5

1994 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، روزى داۋۇت بىر كۈنلۈك

كېۋەز تېرىقچىلىقىدىن ھېرىپ- ئېچىپ قايتىپ كېلىپ ئارام ئالمايلا، كەچقۇرۇن كۆز باغلانغان مەھەللىدە مەھەللە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كېۋەزگە ياپقان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ ھېساباتىنى قىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ پېيىدە يۈرگەن جۇمە ياسىن جېدەل قىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، كىشىلەر ئالدىدا يەنە بېزەڭلىك بىلەن چىشىغا تەگدى :

— روزاخۇن ئۇكام، ئالدىراپ مېڭىپسەنغۇ، ئاناڭ ئۆيدە يالغۇز قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئەنسىرىمە، مەن بار، ھى - ھى - ھى !

تازا جۇدۇنى ئۆرلىگەن روزى داۋۇت:

— مېنىڭ سەن بىلەن جېدەل قىلغۇم يوق، ئادەمنى ئۇنداق بوزەك قىلىۋەرمە، — دېدى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ.

جۇمە ياسىن ئۆزىنى ئوخشىتىپ مەھەللە باشلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھاي بېرىشىگە ئۇنىماي، ئۇنى «مۇشۇنداق قىلسام قانداق قىلالايتتىڭ؟» دېگەندەك، تېخىمۇ زەھەرخەندە سۆزلەر بىلەن تىللاپ، ئۇرۇپ، تىزلاپ بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قانغا بويىۋەتتى.

روزى داۋۇت ھاقارەت، خورلۇق، تاياق زەربىسىدىن ھەممىنى ئۇنتۇپ، يېنىدا ئېسىپ يۈرگەن پىچىقىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ جۇمە ياسىنغا قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن توختىماي تىقتى......

دەل شۇ چاغدا ئەمدىلا خىزمەتتىن قايتىپ ئۆيگە كىرىپ تۇرغان داۋۇت روزى مەھەللىدىكى جېدەلدىن خەۋەر تېپىپ، «ئوغلۇمنى جۇمە ياسىن يەنە ئۇرۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپ، غەزىپىگە پايلىماي قولىغا پىچاق ئېلىپ جېدەل مەيدانىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ كاللىسىدا « جۇمە ياسىن » دېگەن بىرلا ئىسىم تەكرارلىناتتى. ئۇ جۇمە ياسىنغا چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنى بىر چىشلەم، بىر چىشلەمدىن قاساپ، چايناپ پۈركۈۋەتسىمۇ پۇخادىن چىقمايتتى. بۇ ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ يەلكىسىنى نەچچە توننا بولۇپ بېسىپ، ھېچبىر مادارىنى قويمىغانىدى. ئۇ بۇ يۈكنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى چىدىغۇسىز ئېچىشتۇرىدىغان رەھىمسىز

ئازابىدىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلۇشىنى تەڭرىدىن كېچە ـ كېچىلەپ تىلىگەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاخىر غەزەپ ـ نەپرەت ۋۇلقانى بولۇپ پارتلىدى: ئۇ يۈگۈرگەنچە كېلىپ ئالدى بىلەن يولدا ئۇچرىغان ئادەمگە ــ جۇمە ياسىنىنىڭ تاغىسى ئابلا كېرىمگە پىچاق ئۇردى، ئارقىدىن جۇمە ياسىنغا پىچاق ئۇردى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ كۆزىگە جۇمە ياسىن بولۇپ كۆرۈنگىنى جۇمە ياسىن ئەمەس، ئەكسىچە ئەزرائىل بىلەن جان تالىشىپ تېپىرلاۋاتقان جۇمە ياسىندىن روزى داۋۇتنى تارتىپ ئاجرىتىۋاتقان ھاشىمجان ئىدى. داۋۇت روزى ئۆزىنىڭ جۇمە ياسىنغا ئەمەس، بىگۇناھ ھاشىمجانغا پىچاق تىققانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى كاچاتلىدى. بۇ چاغدا ئۆيدىن بىردانە كالتەكنى كۆتۈرۈپ چىققان ياسىن ئاۋۇت روزى داۋۇتقا قارىتىپ كالتەك ئۇردى. روزى داۋۇت جۇمە ياسىنغا ئارقا ـ ئارقىدىن پىچاق تىقىش جەريانىدا قاق بەلدىن سۇنۇپ كەتكەن پىچاقنى ياسىن داۋۇتقا قارىتىپ شىلتىپ ئۇنى زەخمىلەندۈردى. ئارقىدىن داۋۇت روزى كېلىپ ياسىن ئاۋۇتقا زەرب بىلەن پىچاق ئۇردى......

جېدەل باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە پەقەت ئون مىنۇتچە ۋاقىت كەتتى. لېكىن، بۇ قىسقىغىنا جېدەلدە تۆت ئادەم بىئەجەل ھاياتىدىن ئايرىلدى، ئىككى ئادەم قاتىل بولۇپ قالدى.

جېدەلدىن كېيىن دادا ـ بالا ئىككى قاتىل كېچىلەپ يول مېڭىپ، 40 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى N ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

## 6

قۇياش شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتماقتا. يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا يەنىلا ئۆز سالمىقى بويىچە تىنىۋشسىز ئايلانماقتا. ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق سەپىرىنى ئۆز زۆرۈرىيىتى بويىچە داۋاملاشتۇرماقتا. بىراق، جۇمە ياسىن، ياسىن ئاۋۇت، ئابلا كېرىم، ھاشىمجانلارنىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ، ئاتا ـ

ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاقتۇردى.

داۋۇت روزى بىلەن دىلروزىخانلارنىڭ ئائىلىسىمۇ تۇزغاقتەك بىر ئاخشامدىلا تۇزۇپ، ھەممىدىن ئايرىلدى. داۋۇت روزىدەك ئۆزىنى لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر دۆلەت خىزمەتچىسى دەپ ئېتىخارلىنىپ يۈرىدىغان بىر ئادەم ئۇچ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، ئۆزىنىڭمۇ پانىي دۇنيادا ياشاشتىن ئىبارەت ئەڭ زور، ئەڭ قىممەتلىك بەختىنى پايخان قىلدى. ئۇنىڭ تېخى جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى، ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنىڭ تەمىنى كۆرمىگەن ئوغلى روزى داۋۇتمۇ «قاتىل» دېگەن ئۆزىدىن چوڭ قالپاقنى كىيىپ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالىغا يۇيۇپ چىقارغۇسىز قارا تامغا باستى. داۋۇت روزى بىلەن دىلروزىخاننىڭ قالغان بەش نارەسىدە پەرزەنتى ( سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى تەكشۈرۈۋاتقان كۈنلەردە بۇلارنىڭ 10 ياشلىق قىزى ئۇشتۇمتۇت زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۆلۈمى گۇمانلىق بولغاچقا، ئالاقىدار جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى رازۋېدكا قىلىپ تەكشۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بەزى سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن مۇئەللىپ ئۇنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر تاپالمىدى) ئۆي ـ ماكانىدىن، دادىسىدىن، ئاكىسىدىن ئايرىلىپ خار ـ زارلىقتا ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. بۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ تۆت نەپەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ دادىسىدىن، بىر ئۆمۈرلۈك باش پاناھى ۋە روھىي تۈۋرۈكىدىن ئايرىلدى. مەزلۇملار تۇل قالدى. بۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ بۇلارنىڭ باش سەۋەبچىسى دىلروزىخاندەك بىر « ئانا » بىلەن جۇمە ياسىندەك بىر « دادا » ئەمەسمۇ؟

## 7

دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى ياقلايدۇ. ئادىللىقنى ئۆزىنىڭ ماھىيىتى قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك

كۈچى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، تىنچ بولۇشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئامان-ئېسەن، خاتىرجەملىكىنى قوغداشنى، جىنايى قىلمىشى چېكىدىن ئاشقان رەزىل جىنايەتچى كۈچلەرگە رەھىمسىزلىك بىلەن جازا بېرىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىدۇ.

داۋۇت روزىدىن ئىبارەت بىر كومپارتىيە ئەزاسى جۇمە ياسىن ۋە دىلروزىخان تەرىپىدىن ئىززەت-نومۇسى، نىكاھ ھوقۇقى، غۇرۇرى، كىشىلىك قەدىر-قىممىتى يەر بىلەن يەكسان قىلىنغان، بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ ئاچچىقىغا، غەزىپىگە ھاي بېرىپ سەۋر قىلغان، ۋەقەدىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇۋاپىق، توغرا ئۇسۇلىنى تاپالمىغان. ئۇ دىلروزىخان بىلەن جۇمە ياسىننىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ جىنايەت شەكىللىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى بىلەتتى ياكى بىلىشكە تېگىشلىك ئىدى. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە، يەرلىك تەشكىلىي تارماقلاردىن مۇناسىۋەتلىك قانۇن ئورگانلىرىغىچە كەسكىن شىكايەت قىلغان بولسا، قانۇنغا تايانغان بولسا، مۇۋاپىق ھەل قىلالايتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ قانۇنسىز زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قان يۇتۇپ سۈكۈت قىلدى. ۋەقە تۇغۇلغان كۈنى ئىشنىڭ تېگى-تەكتى، سەۋەب-نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ۋەھشىيلەرچە ئارقا-ئارقىدىن كۆپ قېتىم پىچاق تىقىپ ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغىنى دىلروزىخان بىلەن جۇمە ياسىن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆلتۈرگىنى ياسىن ئاۋۇت، ئابلا كېرىم، ھاشىمجانلار بولدى. بۇلار بىگۇناھ كىشىلەر ئىدى، بولۇپمۇ ھاشىمجان جېدەلنى خالىس ئاجرىتىۋاتقاندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. بۇ كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇراتتى ۋە ئېچىندۇراتتى. دېمەك، داۋۇت روزى پەۋقۇلئاددە زور قاتىللىق دېلوسى سادىر قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بولغاچقا، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىشقا ئىمكانىيەت

قالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىنىدى ۋە 1995 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جازا ئىجرا قىلىندى.

روزى داۋۇت بولسا جۇمە ياسىن تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ھاقارەتلەنگەن، تاياق يېگەن. ئۇنىڭ يۇمران قەلبى ئېغىر كەمسىتىلىشكە، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئېغىر خورلىنىشقا ئۇچرىغان. ۋەقە بولغان كۈنىمۇ جۇمە ياسىن ئۇنى زورمۇزور جېدەلگە سۆرەپ كىرگەن. ئۇ بىر ئادەمنى ــ ئائىلىسىگە ۋە ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان جۇمە ياسىننى ئۆلتۈرگەن، ۋەقەدىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ قانۇن بويىچە كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشنىڭ بىرنەچچە مۇھىم شەرتىنى ھازىرلىغاچقا، ئۇنىڭغا مۇددەتلىك 10 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

دىلروزىخان ۋەقەنىڭ، زىددىيەتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقۇچى باش سەۋەبكار بولسىمۇ، قانۇني جازاغا تارتىلمىدى، بەلكى قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن ئائىلىسىدە قالغان ئۇششاق باللىرىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر زۆرۈرىيىتىدىن، جەمئىيەتتە قالدۇرۇلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنى قانۇننىڭ جازالىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇنى تەقدىر لەنەت قامچىلىرى بىلەن ئېغىر جازالىدى. بۇ جازا ئۇنىڭدەك بىر ئايالغا نىسبەتەن ئىنتايىن ئادىل جازا ئىدى. ئۇ ھېلىھەم نىجاسەتتىن سېسىق، ئىت ـ ئېشەكتىن خار بولۇپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ياشاپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ «ئىشق ـ مۇھەببىتى» ئۇنى «ھۇزۇر ـ ھالاۋەت» تىن مەڭگۈ ئايرىدى، ئەخلاق قامچىسى ئۇنى ھەر ۋاقىت ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

1995ـيىل دېكابىردا يېزىلدى،

2005ـيىل ئۆكتەبىردە تۈزىتىلدى.

# پۈراقسىز گۈل

تەكلىماكاننىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكىدە نامى يىراق – يېقىنغا تونۇشلۇق گۈزەل، مۇنبەت بىر يۇرت بار. پارتىيەنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ باھار شامىلى بۇ خاسىيەتلىك ماكاننى تېزلا يۈكسەلدۈردى ۋە بۇ يەردە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلار كەسكىن رىقابەت تۈيغۇسى بىلەن سودا دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھاللىنىپ قالدى. يېزا بازىرىدا يەرلىك دېھقان سودىگەرلەر تىجارەت قىلىپلا قالماستىن، ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا – بازارلار، قوشنا ناھىيە – بازارلاردىكى سودىگەرلەرمۇ تىجارەت قىلاتتى. ھازىر مەزكۇر بازار قەدەممۇقەدەم شەھەرلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىردىنبىر روناق تېپىۋاتقان بازارلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارلىق، قاتناش قاتارلىق كەسىپلەر بۇ يەردە قايناق سودا – سېتىق مەنزىرىسىنى بەرپا قىلغانىدى.

بىز گېپىنى قىلماقچى بولغان ئەيساجان مانا مۇشۇ خاسىيەتلىك زېمىندا تۇغۇلۇپ، ئوقۇپ چوڭ بولغان. تەشكىلنىڭ قوللىشى، ئاتا – ئانىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئۆز ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى بېسىۋاتقان بۇ تىرىشچان ياش كىچىكىدىنلا ئۆز ئىشىغا پۇختا، سالماق، ئەقىللىق، ساغلام چوڭ بولغانلىقتىن، ئاتا –

ئانىسى ئائىلە ئىگىلىكى جەھەتتە كېيىنكى ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلىغانىدى. يېزا بازىرىدا ئەمدىلەتىن شەكىللىنىۋاتقان تاكسى تىجارىتىنىڭ ئىستىقبالىنى پارلاق دەپ قارىغان ئاتا- ئانا تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇللىرىدىن قېتىشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تازا مودا بولۇۋاتقان «سانتانا» ماركىلىق پىكاپتىن بىرنى ئېلىپ بەردى. ئەيساجان مۇشۇنداق بىر ئوقەت قىلىپ پۇل تېپىشنى ئۆزىمۇ خېلىدىن بېرى خىيال قىلىپ كېلىۋاتاتتى، شۇنداقلا ئاتا- ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنىمۇ چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ پىكاپنى قولىغا ئالغان بىرەر يىلدىن بۇيان كېچە- كۈندۈز، قىش - ياز دېمەي جاپاغا چىداپ ھەيدىدى، ھەيدىگىنىگە يارىشا ئاز - تولا پۇلمۇ تاپتى، تېخى سۆيگەن قىزى زىلەي بىلەن يېقىندا توي قىلىۋېلىشنىمۇ ئويلاپ يۈرەتتى. بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتقىنىغا بىر- ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى. ئەيساجان زىلەينى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان پاك ئەقىدىسىدىن قىلچە شەكلەنمەيتتى. بىراق، زىلەيچۇ، ئۇ ئەيساجاننى ھەقىقىي ياخشى كۆرەمدۇ؟ بۇلارنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ھەقىقەتەن ھېسداشلىق قىلىشقا، قوللاشقا ئەرزىمدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش قىيىن ئىدى.

زىلەيمۇ ئەيساجانغا ئوخشاشلا مۇشۇ دىياردا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئۇنىڭ قىزلىق ئىپپىتى بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇنلا مەلۇم بىر مەلئۇننىڭ نابۇت قىلىشىغا ئۇچرىغان. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى ئەمدىلا 13 ياشلىق سەبىي قىز ئىدى. بىر دېمەتلىكلەرگە قارىغاندا ئۇ خېلىلا تېز يېتىلگەن يۈرەكلىك، « باتۇر قىز » بولۇپ، كېيىن ئۆزىنىڭ قىزلىق قەدىر- قىممىتىنى ئاياغ ئاستى قىلغان مەلئۇنغا پىچاق تىقىپ ئەنتىمىنى ئالدى. ھېلىقى مەلئۇن ئېغىر زەخىملەنگەن بولسىمۇ، داۋالىنىپ ساقايدى. لېكىن، زىلەي ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ ھېلىقى مەلئۇنغا پىچاق تىقىشىنىڭ سەۋەبىنى گۆدەكلىك قىلىپ شىكايەت قىلمىدى. نومۇس كۈچى ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول

قويمىدى. ھېلىقى مەلئۇنمۇ ئۆزىنىڭ باسقۇنچىلىق قىلمىشىنى بويىنىغا ئالمىغانىدى. ئالاقىدار ئەدلىيە تارماقلىرى زىلەينىڭ جىنايى جاۋابكارلىق يېشىغا توشمىغان ئۆسمۈر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى قويۇۋەتتى. بۇ ئىش ھېسابتا شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. زىلەي «قىزلىق ئىپپىتى دېگەن شۇنچىلىك ئىكەنغۇ» دەپ ئويلىغاچقا، بۇ ئىش سىر پېتىچە قېلىۋەردى، لېكىن زىلەينىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك قەدىر- قىممىتىنى قوغداش، گۈزەل ئەخلاق، شەرم- ھايا دېگەنلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاستا- ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. ئۇ تۇل ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى، دوستلىرىنىڭ نەسىھەتلىرىگە پىسەنت قىلمايتتى، كىيىمنىڭ يارىشىدىغىنىنى تاللاپ كىيىپ، گىرىمنى قاملاشتۇرۇپ قىلىشقا ئۇستا بولغان بىلەن، مەكتەپتە تۈزۈكرەك ئوقۇمىغان ساۋاتسىزلىقى بىلەن نادان ئىدى. ئۇ قەددى- قامىتى كېلىشكەن، ھاللىق ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى ئەيساجان بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئىندەككە كەلتۈردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئاق كۆڭۈل ئەيساجانمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇپ قېلىشتى.ئەيساجان زىلەينى تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىۋاتىدۇ دەپ بىلەتتى. چۈنكى، زىلەي ئۇنىڭغا مۇشۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، پات ئارىدا دۇكان ئېچىپ مۇستەقىل ئىش ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەيساجاننىڭ ھەشەمەتلىك پىكاپىغا ۋە باياشات ئائىلە شارائىتىغا قىزىقاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ بەزىدە كۈن - تۈنلەپ ئۆيگە قايتماي نە - نەلەردە، قىز - ئوغۇللار ئولتۇرۇشلىرىدا، كەيپ - ساپا سورۇنلىرىدا ئالدىراش ئىدى. ئەيساجان بولسا پۈتۈن ئەس - يادىنى ئۆز تىجارىتىگە قاراتقانلىقتىن، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز يۈرەتتى. زىلەي ئۈچۈن بەختلىك بىر ئائىلىنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىش،

ھۆرمەتلەش، بىر ـ بىرىگە مەڭگۈ سادىق بولۇش، پاك، مېھرىبان بولۇش ئاساسىغا قۇرۇلىدىغانلىقىدەك ئەقەللىي ساۋاتلارمۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئۇ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، تېخى مەي ـ شارابلاردىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمايتتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ بىلىپ ـ بىلمەي « نامازشام قىزلىرى » توپىغا قېتىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئەيساجانغا ھەرقانچە پەردازلاپ، نۇقسانسىز قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەقىللىق ئەيساجان ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن گۇمان قىلىپ قالغاچقا، ئۇنى ئانچە ئىزدىمەيدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەسى زىلەينىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ قويدى.

1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى — يېزىنىڭ ھەپتىدە بىر كېلىدىغان بازار كۈنى زىلەي ۋە ئۇنىڭ «كوچا»دا تونۇشقان دوستى ئالىمىرەلەر ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتزارلىقتا، قاۋاقخانىلاردا بىر كۈن تازا «بازار» ئويناپ، كەچتە ئالىمىرەنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر بويتاق ئەرنىڭ ئۆيىدە ئەر ـ ئايال تۆتەيلەن بىر كېچە «ئولتۇرۇش » قىلغاندىن كېيىن، ئەتىسى يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ كوچىغا چىقتى. ئۇ كىرا ئىزدەپ يۈرگەن ئەيساجانىڭ ماشىنىسىنى يىراقتىنلا تونۇپ توستى ۋە ئەيساجانغا تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا :

— ماشىنىدىن چۈشە شوۋىچى، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، ـ دېدى. ئەيساجان دەماللىققا گاڭگىراپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ :

— ھە، نېمە دەيسەن، مەستلىكنىڭ يېشىلمىدىمۇ نېمە؟ ئىت پوق يېمەستە ئاغزىڭنى بۇزىسەنغۇ ؟ — دېدى. زىلەي :

— يېقىنىدىن بېرى ئۆزۈڭنى بەك قاچۇرۇپ يۈرىسەن، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ مېنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ ساڭا دەپ قوياي، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ! — دەپ توۋلىدى. كىشىلەردىن نومۇس قىلغان ئەيساجان تەمكىنلىك بىلەن :

— گېپىڭ بولسا ماشىنىغا چىق، بۇ يەردە سەتلەشكۈچە ئايرىم سۆزلىشەيلى، — دېدى ۋە زىلەي بىلەن ئالمىرەنى ماشىنىغا سېلىپ، 4 - كەنت تەۋەسىدىكى بىر قوناقلىق ئەتراپىغا بېرىپ ماشىنىدىن چۈشتى، ئاندىن زىلەيگە :

— «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك، بايا بەك توۋلاپ كېتىۋاتاتتىڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭ جاۋاب بەر، ئاخشام قەيەردە قوندۇڭ؟ — دېدى زەردە بىلەن. ئۇ زىلەي ۋە ئالمىرەنىڭ ئاخشامقى شەرمەندىچىلىكلىرىنى مەلۇم دوستىدىن ئاڭلىغانىدى. ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىللىق چاغلايدىغان زىلەينىڭ يۈرىكى پوك - پوك بولسىمۇ، گەپنى چوڭ قىلىپ:

— «سەن دېگۈچە مەن دېۋالاي» دېگەندەك، ئۆزۈڭنىڭ شالتىقىنى ماڭا سۈۋىماقچىمۇ؟ — دەپلا ئۇنىڭ بويۇن قىسمىغا ئۇشتۇمتۇت پىچاق ئۇردى. پىچاق ئەيساجاننىڭ بويۇن تومۇرىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكتىن، قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن زىلەي بىلەن ئالمىرە ئالاقزادە بولۇپ، ماشىنا ھەيدەشنى بىلمەيدىغان بىرسىنى تېپىپ كېلىپ، ئەيساجاننى يېزا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرلار ئەيساجاننى تەكشۈرگەندە، ئۇ ئاللىقاچان نەپەستىن توختاپ بولغانىدى.

تولىمۇ ئەپسۇس، شۇنداق قىلىپ، ئەمدىلا 15 ياشقا كىرىپ سەككىز ئاي ئاشقان بۇ « پۇراقسىز گۈل » ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن، ۋۇجۇدىدىن ياشلىقنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يىگىتنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قاتىلغا ئايلاندى. ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن تولغان خام سېمىز بەستى ئۇنى ئاللىقاچان يېتىلگەن، كۆپ «ئىش » كۆرگەن ئاياللاردەك كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ تەتۈر ئۇستىخان تۈرقى يېشىغا ماس كەلمىگەن بىلەن تاراڭگىدەك قوپال، يىرىك مىجەز- خۇلقىغا ماس كېلەتتى. ئۇنىڭ جىسمىدا نازاكەت، تارتىنچاقلىق، 15 ياشلىق قىزلارغا خاس سەبىي گۈزەللىك

دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2000 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاچقان سوتتا جاۋابكار زىلەي جىنايىتىنى قىلچە بويىنغا ئالماستىن، ھىيلىگەرلىك قىلىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇندى. ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىدە گۇناھىنغا تووۋا قىلىش، پۇشايمان قىلىش دېگەنلەردىن ئەسەر يوق ئىدى. ئەكسىچە ئۇ سوتخانىدا ھە دەپ چالۋاقاپ، ئۆزىگە ئۇۋۋال بولغانلىقىنى، ئەيساجاننىڭ ئۆزىگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆزى پىچاق تىقىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ جاھىللىق قىلغان بولسىمۇ، دېلونىڭ پاكىتلىرى ئېنىق، دەلىل ـ ئىسپاتلىرى تولۇق بولغاچقا، جاۋابكار زىلەينىڭ جىنايىتىنى تامامەن ئېكىتىشكە بولاتتى . كېڭەشمە سوت ئۇنىڭ قەستەن قاتىللىق جىنايىتىنى بېكىتىپ، ئۇنىڭغا مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ نەتىجىنى ئاڭلىغان زىلەينىڭ روھىي ھالىتىدە غالىبلارغا خاس بىر خىل ھالەت غىل ـ پال ئەكس ئەتتى، ئۇ ئىككىلەنمەيلا بۇ جازاغا ھېچقانداق نارازىلىق پىكرىنىڭ يوقلۇقىنى، سوتنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەزكۇر دېلونى ئەيىبلىگەن تەپتىش مەھكىمىسىمۇ ئېتىراز بىلدۈرمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى سوتنىڭ بۇ ھۆكمى قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىنىپ، جاۋابكار زىلەي تۈرمىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

زىلەي جىنايىتىدىن تېنىۋالغان بولسىمۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق سوراقلىرىدا ئۆز قىلمىشىنى ناھايىتى تولۇق ۋە تەپسىلىي تاپشۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نەق مەيداندا ئەھۋالنى بىۋاستە كۆرگەن ئالىمرەمۇ جاۋابكارنىڭ قىلمىشىنى ئىسپاتلىدى. قانۇن دوختۇرىنىڭ تېخنىكىلىق باھالاش نەتىجىسىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى

ئەيساجاننىڭ باشقىلار تەرىپىدىن پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار دېلو ئەھۋالىغا ناھايىتى ماس كېلەتتى. يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىغاندا خېلى كۆپ «ھۈنەر» لىك بولۇپ قالغان بۇ «قىز» ئەسلىدە سوتچىلارنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيەسىنى كۆرۈپ تەلەي سىناپ كۆرمەكچى بولغانىدى، خالاس. جاۋابكار زىلەيگە بېرىلگەن جازا بەزى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى، ئۇلار: «تۇۋا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ قاپلاندەك كېلىشكەن، بىگۇناھ بىر ئادەمنى ھېچبىر سەۋەبسىزلا ۋەھشىيلەرچە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر نومۇسسىز قاتىلغا نېمە ئۈچۈن ئارانلا 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەندۇ؟» دېيىشىپ غۇلغۇلا قىلىشاتتى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بۇنداق بەس- مۇنازىرە قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. سوت جاۋابكارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەندە قانۇندىكى جاۋابكارلىق يېشىغا تولۇق توشمىغانلىقى، جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قىلمىشىدىن قورقۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللانغانلىقى قاتارلىق مۇھىم ئامىللارنى نەزەرگە ئالدى.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر، بولۇپمۇ بىر قىسىم ياشلار تولىمۇ ئاددىي، ئەرزىمەس ئىشلار، كىچىككىنە زىددىيەتلەر ئۈچۈنمۇ قولىغا پىچاق ئېلىپ، ۋەھشىيلەرچە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قەبىھ ھەرىكەتلەر خېلى كۆپىيىپ قالدى. جاۋابكار زىلەيمۇ مۇشۇنداق ئەرزىمەس بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالىنى دوغا تىكتى. ياشلار بۇنداق ئاچچىق تىراگېدىيەلەردىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشى لازىم.

2001- يىل، يانۋار

# يەردە قالغان ئەقىدە

## يوققا چىققان ئۈمىد

ئانىلار پەرزەنتى ئۈچۈن بارلىقىنى ھەرۋاقىت قۇربان قىلىدۇ. لېكىن، ھەممە پەرزەنتنىڭ ئانا ئۈچۈن ئۇنداق قىلالىشى ناتايىن. بەزى پەرزەنتلەر بىر ئۆمۈر ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانىسىنىڭ ئەقىدىسىنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن.

بىچارە قۇۋانخان ئەتىۋارلىق ئوغلى جۈرئەتكە ھەم ئانا، ھەم ئاتا بولۇپ، كۆيۈپ ـ پىشىپ، ئۇنى مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلغانىدى. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئانا ئۇنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، چوڭ ئارزۇلار بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. ئۇ نېمىنى خالىسا، قۇۋانخان شۇنى قىلىپ بەردى. جۈرئەت ھەممە جەھەتتىن غەمسىز، توققۇزى تەل بەگزادە ئىدى. لېكىن، ئۇ مەكتەپكە كىرىپ ئازغىنە ۋاقىت ئۆتۈپلا ئوقۇشتىن يالتايدى. ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى مەكتەپكە بارسۇن دەپ سۆيلەپ ھېرىپ قالدى. قۇۋانخان نەسىھەت قىلىپ ئۇنى مەكتەپكە يولغا سالسا، ئۇ ئانىسىنىڭ كۆزىنى بوياپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈردى. ئوغلىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىدىن ئەنسىرىگەن قۇۋانخان ئانا ئۇنى ئاخىر مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، دەسلەپتە رېمونتچىلىققا شاگىرتلىققا بەردى. بۇ چاغدا جۈرئەت ئەمدىلا 10 ياشلاردىن ھالقىغانىدى. كېيىن قۇۋانخان ئانا قېتىش ـ قۇراش قىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر مەپە جايلاپ بەردى. چۈنكى، جۈرئەت رېمونتچىلىقتىن زېرىكىپ، كىراكەشلىك قىلىپ پۇل

تېپىپ ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى ئېيتقانىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ جۇرئەتنىڭ كاللىسىدا ئانىسىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈپ، يېلىنىپ قىلغان نەسىھەتلىرىگە پوشىمۇ دېمەيتتى. جۇرئەت ئۇزاق ئۆتمەي كىراكەشلىكتىن يالتىيىپ، بىردەم شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىمەن دېسە، بىردەم سامسىپەزلىك ياخشى ئىكەن دەپ، ئانىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، بارغانسېرى تاپتىن چىقىپ، ئۇ يەر- بۇ يەرلەردە لەلەڭشىپ يۈردى. ئۇ ئانىسىنى ئەنسىرىتىپ بەزىدە كېچە- كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەيدىغان بولدى. ئانا بولسا ئۇيقۇسىز ھالدا تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى.

## نائىنسابلىق

كېچە- كۈندۈز كوچىلاردا يۈرۈپ، ناشايان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ، بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان جۇرئەت 1998 ـ يىل 7- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئانىسى ئۆيدە يوق ۋاقىتتا، ئۆينى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ ئاختۇرۇپ، ئانىسى ئۇزاق يىلدىن بېرى ئاران يىغىپ ساقلاپ يۈرگەن 10 مىڭ يۈەننى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. قۇۋانخاننىڭ ئامراق ئوغلىمۇ، قان- تەر تۆكۈپ تاپقان پۇلىمۇ ئىز- دېرەكسىز يوقالدى. بۇ ئىش ئانىغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بۇ دەرىجىدە نائىنساب بولۇپ كەتكەنلىكىنى، باققان ئەجرىگە بۇنداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ بۇ پۇللارنى 365 كۈن ئېتىز ـ ئېرىقلاردا تىنىم تاپماي ئىشلەپ ۋە ئارىسال چاغلاردا گازىر، تۇخۇم، پۇرچاق سېتىپ، پارچە ـ پۇرات پۇللارنى يىغىپ، قىسىپ، ئاران يىغقانىدى. قۇۋانخان ئانا بۇ پۇل بىلەن بوي- بەستى ئۆسۈپ، بۇرۇتلىرى خەت تارتىۋاتقان جۇرئەتنى ئۆي- ئوچاقلىق قىلماقچى، ئۇنىڭغا ئۆي سېلىپ بەرمەكچى ئەمەسمىدى؟

ئاربدىن ئۈچ ئايچە ئۆتكەندە جۇرئەت تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالدى. قۇۋانخان ئانا ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش مېھرى بىلەن باغرىغا چىڭ باستى. ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئاچچىق ياش شەبنەمدەك لىغىرلىدى. ئانا ئۇنىڭ بوي ـ بەستىگە، رەڭگىرويىغا ئىنچىكە سەپسالدى. جۇرئەت خېلىلا ياداپ، قارىداپ، جۇدەپ قالغان، ئازراق بوي تارتقان ، كۆزلىرى خۇنۇك كۆرۈنەتتى.

ــ نەلەردە يۈردۈڭ بالام، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ، ــ دېدى ئەتىسى قۇۋانخان ئانا داستىخان ئۈستىدە.

ــ ئىچكىرىگە، بېيجىڭغا باردىم، ــ دېدى جۇرئەت قولىدىكى قاچىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي.

ــ نېمە؟ قانداقلارچە...... ئۇ دېگەن يىراق يەر تۇرسا......

ــ پۇلنى راستلا سەن ئېلىپ كەتكەنمۇ؟

ــ ......

ــ ھەممىنى خەجلەپ تۈگىتىۋەتمىگەنسەن؟

ــ ئانا، بىلەمسەن، ئۇ يەردە پۇلنىڭ ئەتىۋارى يوقكەن، بىر ۋاق تاماقمۇ پالان پۇل ئىكەن دېگىنە. لېكىن، مەن ......

ــ نېمە لېكىن ؟ سېنى كىم بۇنداق قىل دېگەن؟ ئانام پۇلنى بەك ئوڭاي تاپىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

قۇۋانخان ئانىنىڭ زەردىسى قايناپ قالغانىدى. ئۇ ئاچچىقىدا ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان ئوغلىنى تۇنجى قېتىم بىر تەستەك ئۇردى. جۇرئەت بولسا ئۈن ـ تىنسىز ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئانا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئوغلىنى ئۇرغان قولىغا قارىغىنىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

## شېرىن خىيال باشلىغان يول

جۇرئەت 1981 ـ يىلى 12 ـ ئايدا A ناھىيەسىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئاتا قەدرىنى بىلگۈدەك

بولغۇچە ئاتىسى كېسەل سەۋەبىدىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئائىلىنىڭ ھەممە ئىغىرچىلىقى قۇۋانخان ئانىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قۇۋانخان ئائىلىدە ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ، چۆچۈرىدەك ئالتە بالىنى بىر ئۆمۈر ياتلىق بولماي بېقىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەكرەك جۇرئەتكە ئامراق ئىدى، ئۇنى چوڭ بولسا ئەقىللىق، زېرەك، ۋاپادار ئادەم بولىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ھەممە ئۇمىدىنى مۇشۇ ئوغلىغا باغلاپ، ئۇنىڭ بالدۇرراق چوڭ بولۇشىنى، ئائىلىنىڭ ئىغىر- يېنىك ئىشلىرىنى بالدۇرراق قولىغا ئېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، « ئاتىسى يوقنىڭ پوردىقى چوڭ، ئانىسى يوقنىڭ ئەمچىكى » دېگەندەك، جۇرئەت ئائىلە، مەكتەپ تەربىيەسىنى ئۆزىگە يۇقتۇرمىدى، ئەكسىچە جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك، يامان تەسىرىنى ناھايىتى تېزلا يۇقتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئويۇن- تاماشا قىلىشىغا A ناھىيەسىنىڭ بازىرى بارغانچە كىچىكلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇ نەزىرىنى كىنو - تېلېۋىزورلاردا تولا كۆرگەن چوڭ شەھەرلەرگە تىكتى. بىر كۈنى ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقان ھاراق سورۇنىدا ئۇلارنىڭ ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەرنى ماختاپ ئۇچۇرغان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرلەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىش خىيالى كۆڭلىنى ئولتۇرالماي قالدى. بىراق، بۇنىڭغا پۇل بولمىسا بولمايتتى. ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ، ئاخىر ئانىسىنىڭ تۇگۈنچەككە ئوراپ ساقلاپ يۈرىدىغان پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ دەسلەپتە ئازراق ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، ئاخىر «ئىچكىرىگە بارسام ئىش - ئوقەت قىلىپ بۇ پۇلنى نەچچە ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ كېلىمەن، ئانامىمۇ شۇ چاغدا چۈشىنىپ قالىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە، ھېلىقى كۈنى ئۆيىنى ئاختۇرۇپ پۇلنى تېپىۋالدى. ئۇ پۇلنى يېنىغا سېلىپ يىراق سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ سەپەر ئۇنىڭغا بىر تەرەپتىن ئەنسىز ھەم خەتەرلىك تۇيۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. ئاپتوبۇس، پويىزلاردىكى بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، ئۇ كۆزلىگەن نىشانى — بېيجىڭ شەھىرىگە يېتىپ باردى.

پايتەختنىڭ مەنزىرىسى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن سۇرلۇك ھەم ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. كۆككە تاقاشقان ھەيۋەتلىك بىنالار، چىرايلىق دەل- دەرەخلەر، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان ئوتقاشتەك گۈل- چېچەكلەر، مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئالدىراش ئادەملەر ۋە رەڭگارەڭ ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىلار...... ئۇنىڭ كۆزىنى ئالاق- جالاق قىلىۋەتتى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا خاتىرىلىۋالغان ئادرېس ۋە چاقىرغۇ نومۇرى ئارقىلىق قىينالمايلا بىر يۇرتلۇق تونۇشلار تىجارەت قىلىدىغان ۋېي گۇڭسۇن دېگەن جاينى ۋە تونۇشلىرىنى تاپتى. بىر نەچچە كۈنلۈك ئارام ئېلىش ۋە ئويۇن- تاماشادىن كېيىن، ئۇ يەردىكى بىر ئاشپۇزۇلدا كاۋاپچىلىققا ياردەملەشتى.

## ئاق ئىلمەك

بېيجىڭ دۇنيانىڭ شەرقىدىكى مەشھۇر پايتەخت. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەلپۈنىدىغان، قاينام- تاشقىنلىققا تولغان چوڭ شەھەر. دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى. بېيجىڭ شەھىرىنى كۆرۈشنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، بولۇپمۇ يىراق چېگرا رايون خەلقى تېخىمۇ كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدۇ.

جۈرئەت باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئېلىپبە كىتابىدىن بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن راۋىقىنىڭ، خان سارىيىنىڭ رەسىمىنى كۆرگەن. ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئىنقىلابلىرى ۋە بۈگۈنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەققىدە تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن. كىچىك جۈرئەتنىڭ قەلبىدە شۇ چاغلاردىلا بۇ شەھەرنى بىر كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بېيجىڭ شەھىرىگە بېرىشنى تاللىشىدا مۇشۇ ئىستەكنىڭ غۇۋۋا تەسىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئەڭ مۇھىمى« ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان» بۇ شەھەردە ئوقەت قىلىش

خىيالى ئۇنىڭ ئېڭىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئۇ بۇ ئىشقا تەۋەككۈل قىلغان بولسىمۇ، ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئۇ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئۇلگۈرگۈچە ئۇنىڭ ساددا خىيالىنى، يېنىدا خېلى كۆپ پۇلىنىڭ بارلىقىنى تىڭتىڭلاپ بىلىۋالغان ئۇلپەتلىرى كۆچەپ كەتمەيلا، ئۇنى «ئاق تاماكا » بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇلارنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاق ئۇسۇل ـ ۋاستىلىرى بىلەن ئۇ ئاق تاماكا چېكىشنى ئۆگەندى، كۆنلەرنىڭ ئۆتۇشىگە ئەگىشىپ، خىروئىنىدىن ئىبارەت ئوڭاي چاپلىشىۋالىدىغان بۇ «ئاق ئالۋاستى » ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھەمراھقا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇلپەتلىرى ئۇنى « ئاق تاماكا » خوجايىنلىرى بىلەن ئۇچراشتۇراتتى. پۇلنى ئۇ چىقىرىپ مال سېتىۋالاتتى، ئاندىن قاغجىراپ كەتكەن بەڭگىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ كەيپ قىلىشاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىدىكى پۇل خوراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر ئۇلپىتىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ياردىمى بىلەن ناتونۇش بىر تۇڭگاندىن 64 گىرام خىروئىننى 5120 يۇەنگە سېتىۋالدى ـ دە، يول كىراسى ئۇچۇن ئايرىۋالغان بىرنەچچە يۈز يۇەن پۇل بىلەن بېيجىڭدىن ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى.

## ئاققان «تىجارەت»

«ئاق ئالۋاستى » جۇرئەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى، نورمال تەپەككۇرىنى، جىسمانىي كۈچىنى پۈتۈنلەي يالماپ كېتىشتىن ئاۋۋال، ئۇ ھەرھالدا ئازراق « دەسمايە » بىلەن ساق ـ سالامەت يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋالدى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بۇ «ئەقلى» دىن خېلى مەمنۇن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ بېيجىڭدا بىر قېتىم قارا نىيەت، بەتنىيەت ئۇلپەتلىرى تەرىپىدىن جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالغاندا،

ئۆزىگە ياردەم قىلغان ھېلىقى ئۇلپىتى ئۇنى جىددىي پەيتتە ئاگاھلاندۇردى. ئەسلىدە ھېلىقى قارا نىيەتلەر ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، يېنىدىكى پۇلنى ئولجا ئالماقچى ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ھەر قېتىم ئويلىغىنىدا، ھېلىقى ئاغىنىسىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، تەقدىرى بۇ كەمگىچە نېمە بولاتتىكىنتاڭ؟ ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ئەقلىنى تېپىپ يۇرتىغا كېلىۋالدى. ئانىسى پۇلنى سۇرۇشتۇرۇپ ئۇنى بىر تەستەك ئۇرغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرۇق قول كەلمىگەنلىكىنى ئانىسىغا ئېيتالمىدى. چۈنكى، ئۇ يېنىدىكى «مال» نىڭ ھالال نەرسە ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىدە بۇ «مال»نى سېتىپ پۇل قىلغاندىن كېيىن، ئانىسىنى بىراقلا رازى قىلىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

A ناھىيەسىدەك ئەزەلدىن پاك پېتى كەلگەن خاسىيەتلىك زېمىندا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنى خىروئىنىدىن ئىبارەت رەھىمسىز ئالۋاستى بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇلار زەئىپلىك، خانىۋەيرانلىق، سەرسانلىق روھىي قەپىسىگە مەھكۇم بولغانىدى. بۇ بەڭگىلەر خۇمارى تۇتۇپ كەتكەندە، بىرەر چېكىم خىروئىن ئۈچۈن بەدىنىنىڭ بىرەر ئەزاسىنى كېسىپ بېرىشكە، ھەتتا جېنىدىن كېچىشكىمۇ رازى ئىدى. جۇرئەت ئېلىپ كەلگەن ئازغىنە خىروئىن، ئۇلارنىڭ ئەسەبىي تەشنالىقىغا ئازراق بولسىمۇ دال بولاتتى. جۇرئەت ئەتراپىدا ئۆزىگە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قول سوزۇشقان، يېلىنىپ نالە- پەرياد قىلىشاتقان، پۇت- قوللىرى بەزگەكتەك تىترەپ، ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ، دومىلىشىپ يۈرگەن چېكەرمەنلەرگە ئەتىۋارلىق مېلىنى تۇجۇپلەپ ئۆلچەپ، ئۆزى قويغان باھا بويىچە سېتىشقا باشلىدى. ئۇ بېيجىڭدا ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە چوكا چوڭلۇقىدىكى بىر تال تاياقچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلاپ تارازا ياساپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە بىر تال تاماكىنى ئاساتتى. يەنە بىر تەرىپىگە تاماكا قېپىنى

ئوراپ تۇرىدىغان نېپىز، سوزۇك سۇلياۋ خالتىنى ئېسىپ، ئۇنىڭغا قۇلاق كولىغۇچ چوڭلۇقىدىكى كىچىك قوشۇق بىلەن خىروئىننى سالاتتى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە 0.7 گىرام « مال » نى 1 گىرام دەپ ئۆلچەپ، ھەر گىرامىنى 250 يۈەندىن سۇ قىلاتتى. ئۇ بۇ ئوقەتنى بىر تۇغقىنىنىڭ ئادەم ئولتۇرمايدىغان خىلۋەت بىر ئۆيىدە قىلاتتى. بۇ يەرنىڭ خىروئىن تارقىتىش ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى بىرنەچچە بەڭگە دەللاللاردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. جۇرئەت بىر تەرەپتىن قولىدىكى ئەتىۋارلىق مېلىنى چەك تۇتۇپ سېتىپ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مال سېتىپ تاپقان پۇلنى سۇدەك خەجلەيتتى، قىمار ئوينايتتى، ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرىغا كىرىپ بۇزۇقچىلىق قىلاتتى. جۇرئەتنىڭ ئۇلپەتلىرى ئارىسىدىكى ئىناۋىتىمۇ ئېشىپ، خېلى - خېلى ئادەملەر كۇچۇكلىنىپ خۇشامەت قىلىپ، ئۇنى «لوبەن»، «ئاكا» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن شوپۇرلار، تىجارەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار، بىكار تەلەپلەر « مال » سېتىۋالاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەتتا قىز - چوكانلارمۇ بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، جۇرئەت قىسقىغىنە بىرنەچچە ئايدا 64 گىرام « مال » نى يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا 100 گىرامچە قىلىپ سېتىپ، 30 نەچچە ئادەمدىن 22 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئۇندۇرۇۋالدى. بۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك « چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ » يوقاتتى. « مال » نىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئۆزى ۋە بىر قىسىم ئۇلپەتلىرى بىلەن چېكىپ تۈگەتتى.

## تورغا چۈشكەن چىۋىن

ئۆزىنى تولىمۇ قالتىس، ئەقىللىق، زېرەك چاغلايدىغان كىچىك « خوجايىن » 1999 - يىل 3 - ئايدا قولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى 11 گىرام « مال » نى پۇل قىلىۋاتقاندا، نەق مال بىلەن ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇ دەسلەپتە مۇشۇنىڭدىن باشقا «مال»

ئېلىم ـ سېتىم قىلىپ باقمىغانلىقى ھەققىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، جاھىللىق، ئۇستاتلىق بىلەن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشنى خام خىيال قىلغانىدى ، قابىل ساقچىلار ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ۋە زەھەرخۇمار بەڭگىلەردىن، خىروئىن سېتىۋالغۇچىلاردىن، تونۇشتۇرغۇچىلاردىن ئەتراپلىق يىپ ئۇچى ئىگىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشىغا مۇناسىۋەتلىك كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتلارنى توپلىدى. پولاتتەك پاكىت ئالدىدا جۇرئەت تەقدىرگە تەن بېرىپ باش ئەگدى ۋە جىنايى قىلمىشىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى A ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتخانىسىدا جاۋابكار جۇرئەتنىڭ زەھەر ئەتكەسچىلىك جىنايى دېلوسىنى قانۇن بويىچە رەسمىي سوت قىلدى. ئۇنىڭ ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتى سوتتا جاۋابكارنىڭ ئاتىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ ئائىلە، مەكتەپ تەربىيەسى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى، قانۇن ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكى، قانۇندىكى مۇستەقىل جاۋابكارلىق يېشىغا توشمىغانلىقى، بۇ خىل قىلمىشنىڭ جىنايەت بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە ئۇنى ئاقلىدى.

بىچارە قۇۋانخان ئوغلىنى ئۆزىنىڭ تەربىيەلەپ باشقۇرۇشىغا بېرىشنى سوتچىلاردىن يىغلاپ، يالۋۇرۇپ ئۆتۈندى. قۇۋانخاننىڭ بالا ئۇچۇن سوتچىلارغا يېلىنىۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماي، ئېچىنماي تۇرالمايتتى. قانۇننى ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، سوت مەھكىمىسى جاۋابكار جۇرئەتنى كۆپ مىقداردىكى زەھەرلىك چېكىملىك — خىروئىننى ئىچكىرىدىن سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كېلىپ كۆپلىگەن كىشىلەرگە ھايىنىغا سېتىپ، ئۇلارنىڭ زەھەرلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تىنچ، مۇقىم، ساغلام بولغان جەمئىيەت كەيپىياتىنى زور دەرىجىدە بۇزغان.

ئۇنىڭ جىنايىتى ئېغىر، تەسىرى ئىنتايىن يامان، زىيانلىق ئاقىۋىتى ئىنتايىن زور، شۇڭا قاتتىق جازالاش لازىم ئىدى، لېكىن ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتنىڭ ئاقلاش پىكرىدىكى مەسىلىلەردىن : جاۋابكار جىنايەت يولىغا ماڭغاندا 18 ياشقا توشمىغانلىقى ۋە دېلونىڭ بەزى كونكرېت ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىشقا بولىدۇ دەپ قاراپ، قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، جاۋابكارغا مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندا، بىچارە قۇۋانخان ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇنىڭچە، سوتچىلار ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ناتىۋان ئوغلىغا تولىمۇ رەھىمسىزلىك، ئادالەتسىزلىك قىلغانىدى. قانۇن — تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق زىددىيەتلەرنى، مۇناسىۋەتلەرنى ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ئادىل تەڭشەيدىغان ئالتۇن تارازا. ئىشىنىمىزكى، جەمئىيىتىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان « قۇۋانخان ئانا » لار، « كىچىك جۇرئەت » لەر بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىدۇ، بولۇپمۇ زەھەرنىڭ زېمىنىغا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ چۈشكىن روھىيىتى، ۋەيران بولغان تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ بۇنى چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار قانۇننىڭ جىنايەتنى جازالاشتىكى مەقسىتىنى، سادىر قىلىنغان جىنايەتنىڭ ئىجتىمائىي زېمىننىڭ سالىمىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىدۇ.

2001 - يىل، يانۋار

# رەزىل مۇئەللىم

جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەدەپ-ئەخلاقى، بىلىمى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى گۈزەل پەزىلىتى بىلەن باشقىلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتقان ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. كىشىلەر قەلبىدىكى بۇ خىل ھۆرمەت تۇيغۇسىنى «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەت جەريانىدا، چوڭ-كىچىك سۆز-ھەرىكەتلىرىدە تەبىئىي چېچەك ئاچتۇرغان. يەنە شۇنداق ئوقۇتقۇچىلارمۇ باركى، ئۇلارنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى ئاڭلىسىڭىز، ئۇنىڭ بىر ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيسىز.

سۇ مۇئەللىمنى تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ ئەزەلدىن خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان، تۇرمۇشتا ئەستايىدىل، سۆز-ھەرىكەتتە مۇلايىم ئادەم ئىدى، شۇنداقلا بىر ئۆمۈر تىكەندەك يالغۇز ئۆتۈپ كېلىۋاتقان، ئىسمى-جىسمىغا لايىق بويتاق ئىدى. ئۇنىڭ قاچاندىن باشلاپ، نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق تەنھا تۇرمۇشقا خۇشتار بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ B ناھىيەسىدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق رويال، ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇلار بىلەن ئورۇنلىغان لىرىك كۈيلىرىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم سۇ مۇئەللىمگە ئاپىرىن ئېيتماي قالمايتتى. مەكتەپتىكى بىر ھويلىسى، ئىككى ئېغىزلىق ئىچكىرى-تاشقىرى

ئۆيى بار تۇرالغۇدا ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئۆزى يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۈنلىرى ھاياتىي كۈچكە تولغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك مەكتەپ قوينىدا، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئالدىراشچىلىق ئىچىدە مەنىلىك ئۆتەتتى. مانا ئەمدى ئۇ پېنسىيە تۇرمۇشىدىن جاق تويدى، يالغۇز ئولتۇرۇپ چالغان مۇزىكىمۇ، ئەتىگەندىن كەچكىچە توختىماي بېرىلىدىغان تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىمۇ ئۇنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالمىدى. بەزىدە ئۇ ۋېلىسىپىتىنى مىنىۋېلىپ B ناھىيە بازىرىدىكى ئاۋات كوچىلارنى، قايناق رەستىلەرنى ئايلانسا، بەزىدە باغچىلارنى، سودا- سارايلارنى، ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرىنى پىيادە ئارىلاپ چىقاتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل تۇرمۇشمۇ ئۇنىڭغا مەنىسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە نېمىنىڭ لازىملىقىنى ئويلاپ يېتەلمەي، ئۇ ئانچە- مۇنچە VCD پىلاستىنكىلىرىنى كۆرۈپ قوياتتى، بۇ فىلىملەردىكى ئاجايىپ- غارايىپ كۆرۈنۈشلەر ئۇنى ئاستا- ئاستا ئۆزىگە رام قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن چۆپقەت بولغان پىلاستىنكا سودىگىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۆزىدە تېخىمۇ قىزىقارلىق فىلىملەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېگىنى ئەلۋەتتە ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان شەھۋانىي فىلىملەر ئىدى . سۇ مۇئەللىم دەسلەپتە تۇرمۇشتا بۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي ھەيران قالدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق فىلىملەرنى كۆرۈش ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىردىنبىر ئەرمەككە ئايلاندى. ئۇ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق نەرسىنى تاپقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى بىر قەۋەتلىك كونا ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چېتىدە ئىدى. بۇ ئۆيدە ئۇ نېمە ئىش قىلسا ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىمايتتى.

سۇ مۇئەللىمنىڭ كاللىسىدىن تۇيۇقسىز « مەنمۇ مۇشۇ فىلىملەردىكى پېرسوناژلارنى دوراپ باقسام بولمامدۇ ؟ » دېگەن

خىيال كەچتى. بىراق، يېشى ئاللىقاچان 60 تىن ئاشقان، پۇت ـ قولىدا ماغدۇر قالمىغان بۇ بوۋاي بىلەن كىممۇ ئىشقىۋازلىق قىلىشنى خالايدۇ دەيسىز؟ ئۇ ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر تېخى ھېچ ئىش كۆرمىگەن، بالاغەت يېشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ بىرقەدەر ئوڭاي ھەم بىخەتەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاسكىنا قولىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىرنەچچە ئوغۇل ئوقۇغۇچىغا سوزدى. ئۇلار 15 — 16 ياشلارغا كىرگەن باللار بولۇشىغا قارىماي، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، ۋۇجۇدىدىن ياشلىق ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ساغلام باللار ئىدى.

— ھەي ئابدۇرېھىم، ياخشىمۇ سەن؟ كەچ قايسەنغۇ؟

— ياخشىمۇ سىز مۇئەللىم، بىردەم پۇتبول ئويناپ......

— جۇرە، ئۆيۈمگە كىرىپ ئولتۇرۇپ ماڭ، مۇزىكا چېلىپ بېرىمەن.

— خوش مۇئەللىم، مۇزىكىڭىزنى باشقا كۈنى ئاڭلامەن، كەچ قالسام ئاتا ـ ئانام ئەنسىرەپ قالىدۇ.

ئابدۇرېھىم سۇ مۇئەللىمنىڭ مۇزىكا دەرسىنى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئاڭلىغان، ئۇ چاغدا ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشى ۋە سېزىمى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، سۇ مۇئەللىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىسمى سۇ مۇئەللىمنىڭ ئېسىدىن ھېلىغىچە كۆتۈرۈلمىگەنىدى. ئابدۇرېھىم باشتا ئازراق تەكەللۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا سۇ مۇئەللىمنىڭ گېپىنى يىرالماي قالدى. سۇ مۇئەللىم ئابدۇرېھىمنىڭ ئالدىغا ئاددىيغىنا داستىخان سالغاندىن كېيىن بىرنەچچە پەدە مۇزىكا چېلىپ بەردى. مۇزىكىنىڭ لەرزان مېلودىيەسى ئابدۇرېھىمنىڭ گۆدەك قەلبىنى چوڭقۇر سېھىرلىگەنىدى. ئۇ شۇنداق ھالەتتە ئولتۇرغاندا، سۇ مۇئەللىم

ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تۇتقاچ، ئۆزىمۇ بىر تال تاماكىنى ئاغزىغا قىستۇردى :

— ئاله، بىر تالدىن پۈۋلەيلى. ئوغۇل بالا دېگەنگە ئانچە ـ مۇنچە كەيپ ـ ساپا قىلىشنىڭ زىيىنى يوق. گەپ ئۇنى لايىقىدا كونترول قىلالىشىدا، مانا مەن بىر ئۆمۈر چەكتىم، ئىچتىم. يەنىلا بىر ئوبدان تۇرىمامدىمەن.

ئابدۇرېھىم تاماكىنى تۇتۇپ تۇردى، سۇ مۇئەللىم قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ بەردى.

— مۇئەللىم، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئەمدى مەن قايتاي.

— بولىدۇ، ۋاقتىڭ بولسا يەنە كېلىپ تۇر، مەن دېگەن سېنىڭ ئوقۇتقۇچۇڭ، مېنى تاشلىۋەتمە، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، خوش مۇئەللىم.

— ماقۇل ئەمىسە، قاچان كېلىسەن؟

— باشقا ئىشىم چىقىپ قالمىسا، شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن كېلەي، مۇئەللىم.

ئابدۇرېھىم ئالدىراپ ئۆيىگە قايتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ شەنبە كەلدى. كەچقۇرۇن بولغاندا ئۇ سۇ مۇئەللىمنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. سۇ مۇئەللىممۇ ئۇنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇ 2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. بۈگۈن سۇ مۇئەللىم تېخىمۇ خۇشال ۋە روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ داستىخاننى ئالاھىدە تەييارلىغان بولۇپ، ئابدۇرېھىمنى خۇددى يېقىن ۋە مۆھىم ئادىمىنى كۈتۈۋالغاندەك ئالاھىدە تەكەللۇپلار بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ بىر ـ ئىككى پەدە مۇزىكا چالغاندىن كېيىن، VCD ئاپپىراتىغا بىر پىلاستىنكىنى سالدى. بۇ چاغدا تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئۈچىسىغا ئىنچىكە ئۈچ بۇرجەك كۇسار ۋە كىچىككىنە لىپتىك تاقىۋالغان بىرنەچچە سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك قىزلار كاسىسىنى ھەر تەرەپكە ئوينىتىپ، بەللىرىنى نومۇسسىزلارچە تولغاپ، ھاياسىز

ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باشلىدى. قىزلارنىڭ يا ئۇسسۇلغا، يا باشقا بىرەر ھەرىكەتكە ئوخشىمايدىغان پەسكەش قىلىقلىرىغا قانداقتۇر بىر خىل يېنىك ھەم رىتىملىق جاز مۇزىكىسى تەڭكەش قىلىنىۋاتاتتى.

— قانداق، بولامدىكەن؟ تېخى بۇنىڭدىنمۇ قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلىرى بار.

سۇ مۇئەللىم شۇنداق دېگەچ قولىدىكى تىزگىنەكنىڭ بىر كۇنۇپكىسىنى بېسىۋىدى، ئېكراندا تېرىسى كۆمۈردەك قارا، چېچى قوزىنىڭ تېرىسىدەك غۇژمەكلىشىپ كەتكەن، بويى ئېگىز بىر قارا تەنلىك ئەر بىلەن ئاق تەنلىك، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك بىر ئايالنىڭ ئاندىن تۇغما ھالەتتىكى ئەڭ ۋەھشىي ھەرىكەتلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسۋا كۆرۈنۈشلەر ئارقا- ئارقىدىن چىقىشقا باشلىدى.

تېلېۋىزور ئېكرانىغا قادىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇرېھىم بۇ چاغدا خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك نورمال تەپەككۇرىنى ئاللىقاچان يوقاتقانىدى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى، بەدىنىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان سۇ مۇئەللىم ئۇنىڭ دولىسىنى، يوتىسىنى، ئاندىن جىنسىي ئەزاسىنى ئاستا سىلاشقا، مۇجۇقلاشقا باشلىدى. ئابدۇرېھىم دۇدۇقلاپ، نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلمەي داڭ قېتىپ ئولتۇراتتى. سۇ مۇئەللىم ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېچىپ، ھاياسىز قىلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى......

ئابدۇرېھىم سۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدىن قاچان، قانداق قايتىپ چىققانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ خۇددى چۆرگۈلىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك گاراڭ ھالدا كوچىلاردا تەمتىلەپ يۈردى.

ئارىدىن ھەپتە - ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە ئابدۇرېھىم ئىنس - جىنغا تىنىغلى بولمايدىغان ئەڭ پەسكەش جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك ۋىجدان ئازابى تارتىپ، كىشىلەرگە تىك قاراشتىن ئۇيىلىپ يۈردى. ئۇ بۇ خىل بۇرۇقتۇرمىلىقتا چىداپ بولالماي، ئاخىر بۇ ئىشنى ئۆزى ئەڭ ئىشىنىدىغان بىرنەچچە يېقىن

دوستىغا ئېيتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار ئۇنىڭغا بۇ خىل ئەھۋالغا ئۆزلىرىنىڭمۇ يولۇققانلىقىنى، ھەتتا بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزاق بولغانلىقىنى، سۇ مۇئەللىم بىلەن كۆپ قېتىم ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، ھازىر جەمئىيەتتە بۇنداق ئىشلارنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا قورقۇشنىڭ، ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىمنىڭ كۆڭلىدىكى ئازابلىق جىنايى تۇيغۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات « مۇزىكا ئاڭلاش » قا قاترايدىغان بولۇۋالدى. مانا ئەمدى ئۇ بۇنداق ئىشلارنى قىلغاندا ئالاقزادە بولۇپمۇ كەتمەيتتى.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇرېھىممۇ 20 ياشلارغا كىرگەن سۆلەتلىك يىگىتلەردىن بولۇپ قالدى. 2006 ـ يىلى يىل بېشىدا ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈپ توي قىلدى. يېڭى كېلىنىنىڭ ئىسمى روشەنگۇل بولۇپ، ئۇ مېھرى ئىسسىق، مۇلايىم، ئەقىللىق قىز ئىدى. ئابدۇرېھىم ئۇنىڭ يېنىدىن چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى. تويدىن كېيىن ئابدۇرېھىم ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئايالى بىلەن بىر ئۆمۈر ۋاپادار ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، سۇ مۇئەللىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. بىراق، سۇ مۇئەللىمنىڭ مۇناسىۋەتنى ئۈزگۈسى يوق ئىدى. ئۇ ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر 2006 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى :

— ئابدۇرېھىم بارمۇ سەن، چىرايلىق قىزغا ئۆيلىنىۋېلىپ مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ ـ نېمە؟ — دېدى سۇ مۇئەللىم تېلېفوندا.

— مۇئەللىم، ئەمدى بۇ ئىشنى بولدى قىلايلى، مېنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگىلى قويۇڭ.

— نېمە؟ ئابدۇرېھىم، بىز ئارىلىشىۋاتقىلى تۆت يىلدىن ئاشتى،

بۇنداقلا ئادا_ جۇدا بولۇپ كەتسەك بولمايدۇ. بۇگۈن كەچتە ئۆيۈمگە بىر كەلگىن، ئەگەر كەلمەيدىكەنسەن، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلىۋېتىمەن. مېنىڭ قولۇمدا ئىككىمىزنىڭ ھېلىقىدەك ئىشلىرىمىزنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم دەلىل ـ ئىسپاتلار بار. مەنغۇ بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم، بىرەرسىنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىنمۇ پەرۋايىم پەلەك، چۈنكى مەن خىجىل بولغۇدەك بىرەر يېقىن ئادىمىممۇ يوق بويتاق. لېكىن، سېنىڭ تۇرمۇش مۇساپەڭ تېخى ئۇزۇن، يۈزۈڭنىڭ تۆكۈلۈشىنى مەنمۇ خالىمايمەن. شۇڭا، تەكلىپىمنى ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرەرسەن،— دېدى سۇ مۇئەللىم سىلىق، ئەمما تەھدىتلىك قىلىپ.

— بولىدۇ، مەن باراي.

ئابدۇرېھىم تۇرۇپكىنى زەردە بىلەن قويۇۋەتتى. «بۇ قېرى زەيپانىدىن بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلسام بولاتتى، قانداق قىلسام بولار...... توختا، كەچتە بېرىپ ئۇنىڭغا بىر يېلىنىپ كۆرەي، ئۇ ھەزىلەك يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالسا، كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىپ قوياي» دەپ ئويلىدى ئۇ يېنىدىكى پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر بىسىنى تىرنىقىغا سۈرۈپ سىنىغاچ.

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇرېھىمنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى، ئۇنىڭچە، سۇ مۇئەللىمنى كۆزدىن يوقاتمىغۇچە ئۇنىڭ پاسكىنا چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېرى بويتاقنى جايلىۋېتىش ئوڭايلا بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى ئىنتايىن خالىي بىر بۇلۇڭدا بولۇپ، ئۇ ئۆلسە خېلى بىر ۋاقىتقىچە ھېچكىم بۇ ئىشنى بىلمەي قالاتتى، كېيىن بىلگەن تەقدىردىمۇ، بىرەر ئىز قالدۇرمىسىلا ئۇنىڭ قىلغىنىنى كىم بىلەتتى.

ئۇ شۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكەندە سۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدى. سۇ مۇئەللىم ئابدۇرېھىمنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى :

— مانا بۇ ئىشنىڭ بولىدۇ، بۇگۇن كۆرىدىغان پىلاستىنكىمىز تېخىمۇ قالتىس دېگىنە، — ئۇ شۇنداق دېگەچ يېرىملاشقان بىر بوتۇلكىدىكى ھاراقتىن ئىككى رومكا قۇيۇپ، بىرنى ئابدۇرېھىمغا تۇتتى، بىرنى ئۆزى ئىچتى، ئاندىن يېڭى بىر پىلاستىنكىنى ئاپپاراتقا سالدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشلەر تېخىمۇ ۋەھشىي ئىدى. ھاراق ئىككى رومكىدىن ئاپلانغاندىن كېيىن ئابدۇرېھىمنىڭ جىسمىدا يەنە بىر خىل ياۋايى كۈچ قۇتراشقا باشلىدى. سۇ مۇئەللىم رەزىل نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇرېھىم ئۇنىڭغا يېلىنىشقا باشلىدى :

— مۇئەللىم، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى مېنى ئۆز يولۇمغا ماڭغىلى قويۇڭ. ئەگەر ئاپالىم بۇ ئىشىمىزدىن گۇمانلىنىپ قالسا، تۇرمۇشىمىز ۋەيران بولىدۇ. بۇ ئىشلار ھامان بىر كۈنى ئاخىرلىشىشى كېرەككىقۇ. مۇئەللىم، سىز ئارىلىشىۋاتقان يەنە باشقا باللارمۇ بولغاندىكىن، شۇلار بىلەن كۆڭۈل ئاچسىڭىزمۇ بولىدىغۇ.

— ئۇلار ساڭا يەتمەيدۇ، مەن سېنى ھەر كۈنى كېلىپ تۇر دېمىدىمغۇ، ۋاقتىڭ يەتكەندە ئانچە - مۇنچە كېلىپ تۇرساڭ بولىدى. باشقا ۋاقىتتا خوتۇنۇڭنى مەيدەڭگە چىڭ يېقىپ ياتساڭ بولىۋېرىدىغۇ؟ ھى - ھى - ھى......

ئەجەل دەقىقىلىرى سۇ مۇئەللىمنى قىستاپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ئۇ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر تېلېۋىزور كۆرۈپ غېمىدە يوق ئولتۇراتتى.

— مەن خۇش بولۇپ قالاي، مۇئەللىم، مېنى ئارامخۇدا ياشىغىلى قويۇڭ، بولامدۇ.

— بولمايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — ئابدۇرېھىم يېنىدىكى پىچاقنى ئېلىپ تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى شەھۋانىي كۆرۈنۈشلەرگە غەرق بولۇپ پەرۋاسىز ئولتۇرغان سۇ مۇئەللىمنىڭ ئۇدۇل كەلگەن جايلىرىغا ئارقا-ئارقىدىن تىقىشقا باشلىدى. سۇ مۇئەللىم قارشىلىق كۆرستىشكە

ئۆلگۈرمەيلا ئولتۇرغان كارىۋاتقا قىڭغايدى ۋە ئارقىدىنلا نەپەستىن قالدى. ئابدۇرېھىم ئۆزىنىڭ جان ئۈزگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن پىچاق تىقىشتىن توختاپ، ئۇنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ، ئىككى ئەرەنچە قول سائىتى، ئىككى تۆچ ئۈزۈك، بىر توك كالتىكى، بىر قاپ تاماكا قاتارلىق 265 يۈەن قىممىتىدىكى مال- مۈلۈكلەرنى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندە سۇ مۇئەللىمىنىڭ قوشنىلىرى ئۆزىنىڭ قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە دېلو مەلۇم قىلدى.

قانۇن دوختۇرى تېخنىكىلىق باھالاش ئارقىلىق: «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھايات ۋاقتىدا باشقىلار تەرىپىدىن تاق بىسلىق ئەسۋاب كۆكرەك، بويۇن، تاغاق قاتارلىق جايلىرىغا كۆپ قېتىم تىقىلىش تۈپەيلىدىن يۈرەك، ئۆپكە يېرىلىپ ئېغىر زەخىملىنىشتىن قانسىزلىنىپ شوك بولۇپ ئۆلگەن » دەپ يەكۈن چىقاردى.


رازۋېدكىچىلار بۇ دېلونى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن كۆپرەك باردى ـ كەلدى قىلىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلار بىلەن زېرىكمەي سۆزلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، ئاخىرىدا ئاساسلىق گۇماننى جاۋابكار ئابدۇرېھىمغا مەركەزلەشتۈردى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ئايالى روشەنگۈل ئۇ ھېلىقى كۈنى ئوغرىلاپ كەلگەن سائەت، ئۈزۈك، توك كالتىكى قاتارلىقلارنى نەدىن تاپقانلىقىنى سورىغاندا، ئابدۇرېھىم گەپ قىلماي تۇرۇۋالغانىدى. رازۋېدكىچىلار روشەنگۈل بىلەن سۆزلەشكەندە، بۇ ئايال ھەممىسىنى ئەينەن بايان قىلدى. جاۋابكار ئۆزىمۇ ئارىلىقتا سۇ مۇئەللىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھېلىقى دوستلىرىغا ئېيتقان. پولاتتەك پاكىت ۋە كۈچلۈك دەلىل- ئىسپاتلار ئالدىدا ئابدۇرېھىمنىڭ مۇستەھكەم ئىدىيەۋى مۇداپىئە ئىستىھكامى تېزلا يىمىرىلدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشنى بىر- بىرلەپ ئەينەن تاپشۇردى. ساقچىلار يەنە سۇ

مۇئەللىم بىلەن ھېلىقىدەك بىنورمال مۇناسىۋەت قىلغان بىر قىسىم ياشلاردىن ئەھۋال ئىگىلەش، سۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش ، باشقا ئالاقىدار تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنىمۇ ئېنىقلاپ چىقتى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكار ئابدۇرېھىمنىڭ يۇقىرىقى جىنايى دېلوسىنى سوت قىلىپ مۇنداق قارىدى : جاۋابكار ئابدۇرېھىم تۇرمۇش ئىستىلىدا چۈشكۈنلىشىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن ئۇزاق مەزگىلگىچە پەسكەش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ جىنسداشلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ مۇناسىۋەتنى توختىتىش تەلىپى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، جاۋابكار مەسىلىنى قانۇنغا تايىنىپ توغرا ئۇسۇلدا ھەل قىلماستىن، ئەكسىچە قاتىللىق قىلىپ ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئەجەللىك جايلىرىغا كۆپ قېتىم پىچاق تىقىپ، ئۇنىڭ نەق مەيداندا ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ قىلمىشىدىن قەستەن قاتىللىق جىنايىتى شەكىللىنىدۇ.جاۋابكار 265 يۈەنلىك مال ـ مۈلۈكنى ئوغرىلىغان بولسىمۇ، بۇ سومما ئوغرىلىق جىنايىتىنىڭ دېلو ئېچىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ جىنايىتى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىمۇ ئۆزىدىن نەچچە ئون ياش كىچىك ياشلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يامان تەسىر يەتكۈزىدىغان سېرىق مەزمۇندىكى فىلىملەرنى قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغاپ يامان يولغا مېڭىشىغا سەۋەبچى بولغان. شۇڭا، جاۋابكار ئابدۇرېھىمغا جىنايى جازا ئۆلچىگەندە دېلودىكى يۇقىرىقىدەك ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۇنى تېگىشلىك جىنايى جازاغا تارتتى.

بۇ يىرگىنىشلىك تىراگېدىيە تەربىيە بەرگۈچى بىلەن تەربىيە ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەردى. بۇنىڭدىن ئەخلاق، قانۇن كۆز قارىشى مۇجمەل كىشىلەر، بولۇپمۇ تۇيۇق يولنىڭ دوقمۇشلىرىدا تىنەپ يۈرگەن نادان ياشلار چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشى كېرەك.

2006 ـ يىل ئۆكتەبىر



# ئوت قۇيرۇق ئايال

مەمۇرچىلىقتا تولغان ئالتۇن كۈزنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەن بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ جەزبىلىك ئېتىكى يىراق ـ يېقىندىكى سودىگەرلەرنى، سەييالارنى، تاۋاپچىلارنى ئۆزىگە تارتاتتى. بۈگۈن شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان مەلۇم ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى سەمەت ھاجىنىڭ ئائىلىسى شادلىقتا چۆمگەن بولۇپ، قىزىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

قۇياش بىر كۈنلۈك مۇساپىسىنى تاماملاپ غەربتىكى تاقىر تاغ چوققىلىرىغا باش قويۇش ئالدىدا، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بېزەلگەن رەڭگارەڭ پىكاپلار قىز يۆتكەشكە كەلگەنلەرنى ئېلىپ قىيا ـ چىيا قىلىشىپ ئارقا ـ ئارقىدىن قورۇغا كىردى. بىر چەتتە ئەتىگەندىن بېرى نەغمە ـ ساز قىلىۋاتقان سازەندىلەر، ناخشىچىلار ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي تېخىمۇ روھلىنىپ، توي خۇشاللىقىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. قىز يۆتكەشكە كەلگەن يىگىتلەرنىڭ شوخ ئۇسسۇللىرى قورۇنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. قورۇ جۇشقۇن قاينام ـ تاشقىنلىققا تولدى. دەل مۇشۇ چاغدا چېپىپ يۈرۈپ مېھمان كۈتۈۋاتقان سەمەت ھاجىنىڭ قۇلىقىغا «جېدەل چىقىپ كەتتى، ئىمىن ئەمەتنى ئۇرۇپ كەتتى. ئەھۋال چاتاق» دېگەن خەۋەر يەتتى. سەمەت ھاجى دەرھال قوشنىسى ئىمىن ئەمەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇ يېتىپ بارغاندا بىر توپ ئادەم ئىمىن ئەمەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇپ دەسسەۋاتاتتى.

— قولۇڭنى تارت! سەنلەر كىم؟ قورۇغا كىرىپ ئادەم ئۇرساڭ بولامدۇ؟

سەمەت ھاجىنىڭ ئاۋازى ئادەم ئۇرۇۋاتقانلارنى چۆچۈتتى، ئۇلار تەڭلا سەمەت ھاجىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياشراق بىرسى سەمەت ھاجىنىڭ ئۇستىبېشىغا مەنسىتمىگەن قىياپەتتە بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆپكىسىنى باسالمىغان ھالدا :

— قانداق، سېنىڭمۇ گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ دېۋەيلىدى. ئۇ سەمەت ھاجىغا ئەگىشىپ يېتىپ كەلگەن قوشنىلار، توي ئىشتىراكچىلىرى قاتارلىقلارنى كۆرۈپ سەل بوشاپ، پەسكويىغا چۈشتى. ئارىدىن بەزىلەر بۇ مۇشتۇمزورلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولغاندا سەمەت ھاجى ئۇلارغا ھاي بېرىپ: « جېدەلنى جېدەل بىلەن سورىساق بولمايدۇ، دەرھال قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىرىپ، ساقچىغا مەلۇم قىلايلى» دېدى. دوختۇر، ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە ئىمىن ئەمەت يورۇق دۇنيا بىلەن ئاللىبۇرۇن خوشلاشقانىدى.

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىمىن ئەمەت 70 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان، تۇرمۇشىنىڭ ئىسسىق- سوغۇق داۋانلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئاشقان تىمەن كىشى بولۇپ، يەنە بىرنەچچە يىل ياشاپ، پاراغەتلىك زامانىنىڭ مەمۇرچىلىقلىرىدىن بەھرىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. بوي- بەستى كېلىشكەن، قامەتلىك بۇ مويسىپىت كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە ئۆلۈپ كەتتى. توي شادلىقىغا چۆمگەن بۇ قورۇمۇ خۇددى قىيامەت قايىم بولغاندەك ئېغىر مۇسىبەتكە چۆمدى.

توي ئەھلىنىڭ كەيپىياتىمۇ بىردەمدىلا ئاستىن - ئۇستۇن بولۇپ كەتتى. بوۋاينىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ تېزلا يېتىپ كەلدى. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنىڭ راست- يالغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك بىر پەس ئېسەنگىرىگەندىن كېيىن، دېيىشۋالغاندەكلا ھەسرەتلىك ھازا ئاچتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نېمىلەرنىدۇر دەپ زار- زار يىغلىسا، بەزىلىرى چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈزلىرىگە كاچاتلاپ، ئۆزلىرىنى بوۋاينىڭ ئۇستىگە ئاتاتتى. كىشىنى

تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ بىر قېتىملىق بالا- قازانىڭ يۈز بېرىشىگە بەكمۇ بىمەنە، ئەرزىمەس بىر ئىش — بىر تاۋاق پولۇ سەۋەب بولغانىدى.

بۇ دېلودىكى مۇھىم جاۋابكارلارنىڭ بىرى بولغان گۈلنىگارنىڭ ئىمىن ئەمەت ئائىلىسىگە كېلىن بولۇپ كىرگىنىگە ئون يىلچە بولغانىدى. ئۇنىڭ ئېرى سىدىق ئىمىن بۇرۇن بىر قېتىم نىكاھلانغان بولۇپ، گۈلنىگار بىلەن توي قىلغاندا ئۇنىڭ ئەمدىلا يېشىغا توشقان بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئوغۇل دەسلەپتە ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا ئانچە تەسىر كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۈلنىگارنىڭ كەم سۆز، ئېغىر- بېسىق ئېرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتتىمۇ ياكى ئۆزىگە تازا ئېلىقمايۋاتقان ئۆگەي ئوغلى سادىقجان كۆزىگە سەت كۆرۈندىمۇ، ئىش قىلىپ، تويدىن كېيىنكى بىر مەزگىل داۋاملاشقان قىزغىن ئەر- خوتۇنلۇق ھېسسىياتلىرى ئاستا- ئاستا سۇسلىشىپ، بۇ ئائىلىدە پات- پات ئۇششاق- چۈششەك ئارازلىشىپ قېلىشلار، جېدەل- ماجىرالار يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇ ماجىرالار بەزىدە ئەر- خوتۇن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرسە، بەزىدە كېلىن بىلەن قېيىنئاتا- قېيىنئانا ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ قالاتتى.

گۈلنىگار مەلۇم يۈلتۈز دەرىجىلىك مېھمانسارايىنىڭ ئىشچىسى، سىدىق ئىمىن بولسا شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مۇشۇ شەھەردە تۇرۇشلۇق تارمىقىنىڭ ئىشچىسى ئىدى. بۇ قېتىمقى قانلىق ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان : شۇ كۈنى ئەتىگەندە گۈلنىگار 11 ياشلىق ئۆگەي ئوغلى سادىقجاننى توي بولۇۋاتقان قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن بىر تاۋاق پولۇ ئەكىرىشكە بۇيرۇۋىدى، سادىقجان :

— ئۇ يەردە ئادەم كۆپكەن، خىجىل بولىدىكەنمەن، — دەپ ئۇنىمىدى. بۇنىڭغا غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن گۈلنىگار :

— ئىشقا بۇيرۇسام بويۇن تولغىغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — دەپلا سادىقجاننى بىر تەستەك ئۇردى. « كىسەلنىڭ بېشى ئەسنەك،

جىدەلنىڭ بىشى تەستەك » دېگەندەك، ئىش مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. ئۆزىنىڭ ناھەق تاياق يېگەنلىكىدىن نارازى بولغان سادىقجان ئۇن سېلىپ يىغلىدى. نەۋرىسىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان خەلچىخان موماي ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق تام تۇتاش ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ نەۋرىسىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېلىنى بىلەن تەگىشىپ قالدى. كېلىنمۇ قېيىنئانىغا يۈز- خاتىر قىلمىدى. ئۇلار قىزىشىپ تازا گەپ تالىشىۋاتقاندا، قوشنىلار ئارىغا كىرىپ خەلچىخاننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا گۈلنىگار سادىقجانغا : « خەپ توختاپ تۇر » دەپ دوق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سادىقجاننىڭ يىغىسى يەنە باشلاندى. ئۇنىڭغىچە سەمەت ھاجىنىڭ توي ئىشلىرىغا ھە- ھۇ دېيىشىۋاتقان سىدىق ئىمىن ۋە ئىمىن ئەمەتلەر كىرىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلدى. ئىمىن ئەمەت ئەسلىدە ئامراق نەۋرىسىگە كىمنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئازار بەرگەنلىكىنى بىلمەكچىدى. ئۇلارنى كۆرگەن گۈلنىگار : « بۇ قەلەندەرلەر بىلەن نېمە بالاغا قالدىم » دەپ غۇدۇرىدى. بۇ گەپنى ھار ئالغان ئىمىن ئەمەت گۈلنىگارنىڭ ئاغزىنى مۇتىۋەتتى. گۈلنىگار ئاللا- توۋا كۆتۈرگىلى تۇرغاندا، ئىمىن ئەمەت تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك ئۇردى. گۈلنىگار : «ۋايجان، ئادەم ئۆلدى! » دەپ تېخىمۇ غوۋغا كۆتۈرۈپ بېشەملىك قىلدى. باياتىندىن بىرى ئىككى ئارىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي جىلە بولۇپ گەپ قىلماي ئولتۇرغان سىدىق ئىمىن تەسەللى ئېيتىپ دادىسىنى سىرتقا ئېلىپ ماڭغاندا، گۈلنىگار : « خەپ توختاپ تۇرۇش، سەنلەرنىڭ ئۇستۇڭگە چىقىپ مانتا يەيدىغان تۇغقانلىرىم بار مېنىڭمۇ » دەپ سۆزلىگىنىچە ئىشقا كەتتى. ئىش ئارىلىقى ۋە چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا گۈلنىگار ئىنىسى نۇرمەمەت، جىيەن ئىنىسى ئابدۇخالىق، ئاچىسىنىڭ ئېرى قېيۇم قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ قېيىنئاتىسىدىن ناھەق تاياق يەپ ئېغىر خورلۇق تارتقانلىقىنى دادلاپ يىغا- زار قىلدى ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنى بوزەك قىلغانلارغا « ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش » نى ئۆتۈندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كېلىشىۋالغىنى بويىچە كەچتە

تويلىشىپ ئىمىن ئەمەت ئولتۇرۇشلۇق ئائىلە قورۇغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئىمىن ئەمەت بىلەن ئۇچراشتى. قېيۇم ئىمىن ئەمەتنى بىر چەتكە تارتىپ :

— گۈلنىگار تاياق يېگۈدەك نېمە گۇناھ قىلغان، ئۇنى نېمىشقا ئۇردۇڭ؟ — دېدى دېۋەيلەپ . ئىمىن ئەمەت ئەھۋالنى چۈشەندۈرگۈچە ئۆپكىسىنى باسالمىغان نۇرمەمەت :

— سەن ئوغۇل ئۆيلەپ، قىز چىقارغان، نەچچە نەۋرە كۆرگەن ئادەم تۇرۇپ كېلىنىڭنى ئۇرساڭ بولامدۇ ؟ — دەپ ھۆركىرىدى.

— سەن بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمىگەندىكىن بېرىپ ئۇمىچىڭنى ئىچ، — دېدى ئىمىن ئەمەت بوۋاي . بوۋاينىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا نۇرمەمەت ئۇنى بىر تەستەك ئۇردى . ئۇنىڭغىچە قېيۇم كېلىپ بوۋاينىڭ ئىككى قولىنى قوشۇپ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. نۇرمەمەت بۇ چاغدا پىششىق خىش پارچىسى بىلەن بوۋاينىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى. ئارقىدىن ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىق (قېيۇمنىڭ ئوغلى) ئالللىقاچان يىقىلىپ ھالىدىن كېتىپ ياتقان بوۋاينىڭ كۆكرەك، بىقىن، قورساقلىرىغا تەپتى، دەسسىدى.

جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان بۇ دېلو 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 -، 7 - كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت زالىدا قانۇن بويىچە ئوچۇق سوت قىلىندى. سوت زالى چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، سورلۇق تۇس ئالغانىدى. جاۋابكار ئابدۇخالىق، گۈلنىگار، قېيۇملار قانۇننىڭ ئادىل سورىقىغا تارتىلدى. جاۋابكارلار سوتتا ئىشنىڭ بۇنداق ئىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەنلىكىنى، بۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغانىدى. بۇ رېئاللىقنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيتتى. قانۇن دوختۇرىنىڭ جەسەتنى تېخنىكىلىق باھالاپ چىقارغان يەكۈنىدە « بىسىز ئەسۋابنىڭ زەربىسىدە زىيانكەشلىككە

ئۇچرىغۇچىنىڭ سول كۆكرەك 4-، 5- قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى سۇنۇپ يۈرەكنى بىۋاسىتە زەخىملەندۈرگەنلىكتىن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى سول يۈرەك دالانچىسى ۋە قېرىنچىلىرى زەخىملىنىپ ئۆلگەن» دېيىلگەن.

سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان جىنايەت پاكىتلىرىغا ئاساسەن مۇنداق دەپ قارىدى: جاۋابكار ئابدۇخالىق، نۇرمەمەت، گۈلنىگار، قېيۇملارنىڭ قىلمىشىدىن بىرلىشىپ قەستەن زەخىملەندۈرۈش (ئادەم ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولۇش) جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جاۋابكار ئابدۇخالىق بىلەن نۇرمەمەت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى بىۋاسىتە ئۇرغان. بولۇپمۇ جاۋابكار ئابدۇخالىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئەجەللىك جايلىرىغا ئارقا- ئارقىدىن كۆپ قېتىم ئۇرۇپ دەسسىگەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆلۈشىگە مۇشۇ تاياق سەۋەب بولغان. شۇڭا، بۇ دېلودا ئۇنىڭ جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر، قاتتىق جازالاش لازىم ئىدى، لېكىن ئۇ جىنايەت سادىر قىلغاندا 17 ياش بولۇپ، قانۇندىكى مۇستەقىل جاۋابكارلىق يېشى 18 ياشقا توشمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جېدەلگە دادىسى قېيۇم، ھاممىسى گۈلنىگارلارنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن قاتناشقان. شۇڭا، يېنىكلىتىپ جازالاشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى. جاۋابكار نۇرمەمەت ئەسلىدە دۆلەتنىڭ بىر ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئىدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ ئامانلىقنى بۇزغان. ئۇنىڭ تايىقى ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسىنى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەجەللىك زەربە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ جېدەل جەريانىدا ئالدىن قول سېلىپ باشقىلارنىڭ جېدەلنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. شۇڭا، ئۇنىڭغا مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى. جاۋابكار گۈلنىگار ئائىلىدىكى كۈندىلىك ئۇششاق ئىشنى

سوغۇق قانلىق بىلەن توغرا ئۇسۇلدا ھەل قىلىشماي، كىچىك ئىشنى زورايتىپ، ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ باشقىلارنى جىنايەت سادىر قىلىشقا قۇتراتقان. ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا بىۋاستە قول سالمىغان بولسىمۇ، لېكىن جېدەلنىڭ باش سەۋەبكارى. شۇڭا، ئۇنىڭغا مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى. جاۋابكار قېيۇم 60 ياشتىن ئاشقان ئادەم بولۇپ، ياش جەھەتتە ھەممىدىن چوڭ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلماي، ئەكسىچە ئائىلە ئەزالىرىنى باشلاپ كېلىپ جېدەلنى ئەۋجىگە چىقارغان. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىلا تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى توسمىغان. ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ ئۆلۈم ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئالمىغان. شۇڭا، ئۇنىڭغا مۇددەتلىك ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھاياتلىق ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. ياشاشنىڭ شۇنچىلىك قىممەتلىك، شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك ۋە شۇنچىلىك قەدىرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە شائىرلار قەسىدە- داستانلارنى، يازغۇچىلار ھېكايە- رومانلارنى، سەنئەتكارلار تۈرلۈك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەلىماتلارمۇ، ئاتا- ئانا تەربىيەلىرىمۇ، ئاممىۋى تەشۋىقاتلارمۇ، قانۇن- تۈزۈم جەھەتتىكى چەكلىمىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بىراق، جىنايەت يولىغا ماڭغان ئاشۇ ئازغۇن كىشىلەر بۇلارغا نېمە ئۈچۈن سەل قارايدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆزى كور، قۇلىقى گاس، نېرۋىسى ئاجىزمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قەدىرلىمەيدىغاندۇ؟ يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەر ئۇلارنى ئويلاندۇرمامدىغاندۇ؟

2000- يىل ئاۋغۇست

# ناكەسلىك

بەزىدە بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالى بىرنەچچە مىنۇت، ھەتتا بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە تۇيۇقسىزلا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇلار بەكمۇ ئەرزىمەس، ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن ئاجايىپ چوڭ بەدەللەرنى تۆلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك گۈزەل ياشلىقىنى قاراڭغۇ كامىرلارغا بەند قىلىدۇ. بەزىلەر ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز جىنايەتلەرنى سادىر قىلىپ قويۇش بەدىلىگە ھاياتىنى ئۆز قولى بىلەن بەربات قىلىدۇ. بۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئامىلنى بىلگەن ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى ئۆكۈنمەي، ئويلانماي تۇرالمايدۇ.

ئوراز رەھمەتلىك دادىسىدىن بەك بۇرۇن يېتىم قالدى، ئۇنى مېھرىبان ھەم جاپاكەش ئانىسى زىۋىدىخان دۇم يېتىپ ـ دۇم قوپۇپ، كۆزىگە قاراپ بېقىپ قاتارغا قوشتى. مانا ئەمدى ئورازنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرى يېتىلىپ، بوي ـ بەستى كېلىشكەن، بۇرۇتلىرى خەت تارتقان، كۆزلىرىدىن بۇركۈتنىڭكىدەك نۇر چاقناپ تۇرىدىغان 20 ياشلىق يىگىت بولۇپ قالدى. ئوغلىنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇش —— دىلى سۇنۇق زىۋىدىخان ئانىنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشى ئىدى. ئانىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى ئوغلىنى بالدۇرراق ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ خاتىرجەم بولۇش ئىدى. لېكىن، تۇل خوتۇن ـ يېتىم ئوغۇللارنىڭ ئىلكىدە كېلىنىنى كۆچۈرۈپ كىرسە ياراشقۇدەك قورۇ ـ جايىمۇ، قورۇ ـ جاي سالغۇدەك ئىقتىسادىمۇ يوق ئىدى. بىچارە ئانا مۇشۇلارنى ئويلىسىلا كېچە ـ كېچىلەپ كىرپىك قاقمايتتى.

بۇنداق كېچىلەردە ئۇ بۇ ئېغىر كۈنلەرنى بىر ئۆزىگىلا تاشلاپ بېرىپ، يورۇق ئالەمدىن بۇرۇنلا كېتىۋالغان قەدىناس مۇرەببەسىنى ياد ئېتىپ، كۆزىگە ياش ئالاتتى. «نېمە چارە، بۇ قىڭغىيىپ قالغان ئىككى ئېغىزلىق قاراڭغۇ ئۆيگە كېلىننى كۆچۈرۈپ كىرگىلى بولاتتىمۇ؟» زىۋىدىخان ئانا ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر بىر موچەندىن، بىر كويدىن تېجەپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى يىغىپ ـ تۆشىگەن، ئوغلىنىڭ تويىغا ئاتىغان بىرنەچچە مىڭ يۈەننىڭ بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ ئەسلىدىكى كونا ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە ئەسكى سامانلىقنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاددىيراق بولسىمۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭچە، ئاۋۋال ئۆيىنى پۈتكۈزۈۋالسا، تويىنىڭ كېمىنى ۋاقتى كەلگەندە بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلغىلى بولاتتى. ئانىنىڭ بۇ پىلانى مەھەللە باشلىقىنىڭ يېقىندىلا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ چىققان چىرايلىق قىزىنىڭ كەينىدىن ئەتىدىن كەچكىچە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئەگىپ، قانات سۆرەپ، بازلاپ كېتەلمەي يۈرىدىغان ئوغلى ئورازغىمۇ خوپ ياقتى.

2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قوشنا مەھەللىدىكى ھۈسەنجان دىلكانى تېپىپ كېڭىشىپ، ئىككى ئېغىزلىق سوقما تاملىق بۇ ئۆينىڭ تېمىنى ئېتىش، ئۈستىنى يېپىپ، لاي سېلىش، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئورنىتىش، تامنى سۇۋاپ پۈتكۈزۈشكىچە بولغان بارلىق ئىشلىرىنى ھۈسەنجان دىلكاغا كۆتۈرە بەردى. قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك ياغاچ ـ تاش، ماتېرىياللارنى زىۋىدىخان، ئورازلار تەل قىلىپ بېرىدىغان، ئۆي شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتىدىغان، ئىش ھەققى ئۈچۈن ھۈسەنجان دىلكاغا 750 يۈەن بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى.

ھۈسەنجان دىلكا 40 ياشلارغا كىرگەن، ئىشنى خېلى تۈجۈپىلەپ قىلىدىغان، تەلەپچان، ئەمما مىجەزى چۇسراق ئادەم ئىدى، ئۇنىڭغا ئىش كۆتۈرە بېرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بۇ كۈنلەردە بىرنەچچە يەردىن تەڭ ئىش تۇتۇپ قويغان ھۈسەنجان دىلكا

مۆھلەت توشۇپ، كۆز ئېيى كىرىپ قالغان بولسىمۇ، زىۋۇدىخانىلارنىڭ ئۆيىنى تېخىچە پۈتكۈزۈپ بېرەلمەيۋاتاتتى. ئۇي ئىگىسى تەرەپنىڭ ئىچى تىتىلداپ، ھۆسەنجان دىلكانى بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ ئاخىر باشقىلارنىڭ ئىشنى قىلىۋاتقان يېرىدىن تاپتى.

2004 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى سەھەردە، ھۆسەنجان دىلكا ئاخشامقى پىلانىغا ئاساسەن بۇگۈن قانداق قىلىسا قىلىپ زىۋۇدىخانىلارنىڭ ئۆيىنى پۈتكۈزۈۋەتمەكچى بولدى، شۇڭا ئايالى ۋە شاگىرتلىرىنى ئېلىپ زىۋۇدىخانىلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە لاي ـ كاكىل سېلىش، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ كىشەكلىرىنى بېكىتىش، بالايېشىنى ئېتىش، تاملارنىڭ ئىچى ـ تېشىنى سۇۋاش، ئازگال بولۇپ كەتكەن سۇپىنى تىندۇرۇپ، ئۇي ـ دوڭغۇللارنى تۈزلەش قاتارلىق بىر تالاي ئىشلار ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ھۆسەنجان دىلكانىڭ غۇژژىدە جۇدۇنى ئۆرلىدى. نېمە ئامال، ۋەدە قىلغان ئىشنى پۈتكۈزمەي بولمايتتى، ھېلىمۇ ۋاقتى ئېشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆگزىگە لاي سېلىش ئۈچۈن ئازگالغا لاي چىلاشقا باشلىدى.

ئەمدىلا ئويغىنىپ كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئۇۋۇلاپ ئۆيدىن چىققان ئوراز ئىچى تىندۇرۇلمىغان سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە چىقىپ خۇددى توخۇ قونداققا چىققاندەك ئولتۇردى. ئۇنىڭچە، ئالدى بىلەن تامنىڭ بالايېشىنى ئېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۆگزىگە لاي سېلىش لازىم ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا كېيىن ئۆينىڭ ئۆگزىسى بىلەن تاملىرى چاك باسماي، ناۋالىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى :

ـــ ئۇستام، ئالدى بىلەن بالايېشىنى ئېتىۋېتىپ، ئاندىن ئۆگزىگە لاي سالساق پۇختىراق بولار؟

ـــ ئۇكاموي، ئۆيىڭنى بېجىرىم قىلىپ پۈتكۈزۈپ بەرسەم بولمىدىمۇ؟ قايسىسىنى ئاۋۋال، قايسىسىنى كېيىن قىلىشنى سەن ئۆگەتمىسەڭمۇ ئۇستامدىن ئۆگىنىۋالغانمەن. ئەتىگەندە ئىشىمغا چېپىلىۋالماي ئىشىڭنى قىلە، ـــ دېدى ھۆسەنجان دىلكا ئالدىراش لاي پېتىقلىغاچ.

— ياق، بولمايدۇ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىشنى تۈگەتمەكچىمۇ؟ ئۇ ۋي دېگەننى كۆندە سالغىلى بولمايدۇ.

ئىككىيلەن گەپ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدى. ھۆسەنجان دىلكا ئۆزىنىڭ بالىسچىلىك تۇرۇپ ئازراقمۇ يول قويماي، ھە دەپ تاكاللىشىۋاتقان ئورازنىڭ گېلىغا قول قىڭىرىقى بىلەن بىرنى ئۇردى. تۇيۇقسىز تەگكەن بۇ تاياق ئورازنى ئازگالغا تىك موللاق ئاتقۇزىۋەتتى. ئوراز بىھۇدە تاياق يەپ بوزەك بولغىنىغا چىدىماي، ئازگالدىن چىقىپ ھۆسەنجان دىلكاغا بىر ـ ئىككى مۇشت ئاتتى. ئۇنىڭدىن خېلىلا كۆچلۈك، پۈت ـ قولى چاققان ھۆسەنجان دىلكا ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋالغان چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ ياندىكى تامغا بېشىنى بىرنەچچىنى ئۇستۇرۇۋەتتى. ئوراز بىر ئامال بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ، لايغا چىلاقلىق كەتمەننى قولىغا ئېلىپ ھۆسەنجان دىلكانىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. دەل شۇ چاغدا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن قوشنىلار، ھۆسەنجان دىلكانىڭ شاگىرتلىرى ئورازنى تۇتۇۋېلىپ كەتمەننى تارتىۋالدى. ئۇلار ھەر ئىككىيلەنگە ھاي بېرىپ، ھۆسەنجان دىلكانى ھويلىدىن چىقىرىۋەتتى. «ئەتىگەندىلا ئەجەب چىشىمغا تەگدا ماۋۇ سېرىق تۈك سويما...... »

ھۆسەنجان دىلكا بۇ ئىشنى ئويلىغانسېرى تېخىمۇ رەللە بولاتتى:

— نوچى بولساڭ تالاغا چىقە، ھارامىلىق، — دەپ توۋلىدى ھۆسەنجان دىلكا. «كۆزگە ئىلمىغان پۈتقا چوماق» دېگەندەك، ئۇ كىچىككىنە بىر شورىكىنىڭ مۇشت كۆتۈرۈپ قوپۇشىنى پەقەت قوبۇل قىلالمايۋاتاتتى، شۇڭا ئورازنى دۈئېلغا چاقىردى. كۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي ھاسىراپ ئولتۇرغان ئوراز ھۆسەنجان دىلكانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن بىر پىچاقنى تاپتى ـ دە، كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىكى كەمىرىگە قىستۇرۇپ، ھويلىدىن چىقىپ دەرۋازىدىن يىراقلاپ كەتكەن ھۆسەنجان دىلكاغا يېتىشىۋېلىپ، پىچاقنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى نىشانلاپ تىقتى......

ئەتراپقا ئولاشقان كىشىلەر ئۇنى توسۇپ قېلىشقا ئۇلگۈرەلمەي تۇرۇپلا قېلىشتى. ئوراز بولسا ھۇسەنجان دىلكانىڭ كۆكرىكىدىكى پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، تېزلا ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقىدى. ئۆي ئادەم ئۇچۇن ئەڭ مېھرى ئىسسىق ماكان ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۆي ئورازغا ئۇنداق تۇيۇلمىدى. بۇ نۇقتىنى تېزلا تونۇپ يەتكەن ئوراز ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ سىرتتىكىلەرگە ساقچىغا خەۋەر قىلىۋېتىشنى ئېيتتى.

ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە مەھەللىنى ھەسرەتلىك ھازا قاپلىغانىدى. ھېلىدىن بېرى بىردە ھۇسەنجان دىلكانىڭ يېنىغا، بىردە ئوغلى بار ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا يۈگۈرۈپ بوزلاپ ھالسىرىغان زىۋىدىخان ئانا ئوغلىنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن قولىغا كويزا سېلىنىپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ توپىلىق يولغا يىقىلدى.

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2004- يىل 12- ئاينىڭ 16- كۈنى Z ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت زالىدا ئوچۇق سوت ئېچىپ، جاۋابكار ئورازنىڭ قەستەن قاتىللىق جىنايىتىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسى ئۇچۇن 13 مىڭ 780 يۈەن تۆلىتىپ بېرىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقاردى.

جاۋابكار ئورازغا ھۆكۈمنامە يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ نارازىلىق ئەرز بەرمەيدىغانلىقىنى، مۇشۇ ھۆكۈمنىڭ نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، بۇ ھۆكۈمنىڭ قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋاگەر (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئايالى ھاۋاخان) قايىل بولماي نارازىلىق ئەرزى بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلوغا 2 - سوت تەرتىپى بويىچە قاراپ چىقىپ، جاۋابكار ئورازغا بېرىلگەن

جىنايى جازانى تەستىقلىدى. لېكىن، قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋا قىسمىنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ، نارازىلىق قىلغۇچىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن جاۋابكار ئائىلىسى 42 مىڭ 123 يۈەن 8 مو تۆلىسۇن دەپ ھۆكۈم قىلدى.

جىنايەتچى ئوراز باشقىلار ئارقىلىق ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىندى. دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۇ ئىككى يىللىق سىناق مۇددىتى ئىچىدە باشقۇرۇشقا بويسۇنماي، قانۇن بىلەن قارشىلىشىپ يەنە جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىيىتىدىن يانمىسا، بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى يىللىق سىناق مۇددىتى ئىچىدە جىنايىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ توۋا قىلسا، تۈرمىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلسا، تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئاكتىپلىق بىلەن بويسۇنسا، ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى بەجانىدىل ئادا قىلسا، ئىدىيەدە ئالغا باسسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئىككى يىلدىن كېيىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئەگەر ئۆزگىرىش ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ مۇھىم خىزمەت كۆرسەتسە، ھەتتا 20 يىلدىن تۆۋەن، 15 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىسى داۋاملىق ياخشى بولسا، ئۇنىڭ مۇددىتى يەنە داۋاملىق قىسقارتىلىپ تۇرىدۇ.

2005- يىل مارت

# «قىزىل مەلەڭزىلىك قاۋاقخانا»دىكى قىزىققانلىق

## ناتونۇش جەسەت

2000ـ يىل 10ـئاينىڭ 2ـكۈنى ئەتىگەن، A ناھىيەسى بىلەن B ناھىيەسىنى تۇتاشتۇرىدىغان تاشيولنىڭ B ناھىيەسىدىن چىقىشتىكى 4 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدە كىشىلەر بىر جەسەتنى چېلىقتۇردى. جەسەت شىمالغا سوزۇلغان ئاسفالت يولنىڭ غەربىدىكى ئورمانلىقتا تاشلىۋېتىلگەنىدى. جەسەت توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان B ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى ھايال بولمايلا نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. بۇ تەخمىنەن 20 ياشلار ئەتراپىدىكى چىرايلىق ئۇيغۇر قىزى بولۇپ، ئورمان بەلبېغىدىكى ئەخلەتلەر دۆۋىسى ئىچىدە ياتاتتى. تېخنىكلار جەسەت ۋە نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. جەسەت كىم، ئۇ قانداق ئۆلگەن، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، قاتىل كىم؟

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان B ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇپ تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. جەسەت ۋە نەق مەيدان ئىنچىكە تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئاياغ ئىزى، بارماق ئىزى دېگەندەك يىپ ئۇچلىرى چېلىقمىدى. دېلو گۇرۇپپىسىدىكى ساقچىلار جەسەتنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئاممىغا ئاشكارا ئېلان چىقاردى ، يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنى سەپەرۋەر قىلدى، لېكىن نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ بولغان بۇ ناھىيەدە جەسەتنى تونۇيدىغان ئادەم چىقمىدى. ئارىدىن 10 كۈنچە

ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، دېلو ئەھۋالىدا تۈزۈك ئىلگىرىلەش بولمايۋاتاتتى. دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر قايسى يوچۇق ۋە قايسى نۇقتىدىن قول سېلىش ، دېلونى قانداق قىلىپ تېزرەك پاش قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقاندا، جەسەتنى تونۇيدىغان بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ گۇۋاھچىنىڭ ئېيتىشىچە، سۈرەتتىكى قىز ناھىيەلىك نېفىت شىركىتى بىناسىنىڭ 1 ـ قەۋىتىدىكى « قىزىل مەلەڭزىلىك قاۋاقخانا » دىكى بىرسىگە بەك ئوخشايدىكەن. رازۋېدكىچىلار بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن دىققىتىنى مۇشۇ قاۋاقخانىغا قاراتتى. قاۋاقخانا خوجايىنىنىڭ ئىسمى توختىخان سىدىق بولۇپ، بىرلا قاراشقا خېلىلا تەكەببۇر، شەرەنداز ئايالدەك كۆرۈنەتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ قاۋاقخانىسىغا تۇيۇقسىز كىرگەندە ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىدە ئالاقزادىلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. لېكىن، ئۇ تېزلا سالماق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ساقچىلارغا ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر خىل ھەرىكەت بىلەن نازلىدى ۋە: « كېلىشسىلە، قىزغىن قارشى ئالىمىز» دەپ جىلمايدى. ساقچىلار ئالدىن تۈزگەن پىلان بويىچە مەقسەتنى تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، توختىخان سىدىق ساقچىلار كۆرسەتكەن سۈرەتكە بىرلا قاراپ سەل ھودۇقتى. ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتى ساقچىلارنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بىراق، ئۇ قۇۋلۇق قىلىپ، سۈرەتتىكى قىزنى ئەسلا تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۈرەتكە ئەستايىدىللىراق زەن سېلىپ باقمايلا بەرگەن جاۋابى ساقچىلارنىڭ تېخىمۇ گۇمانىنى قوزغىدى. ساقچىلار بايىقى سىلىق پوزىتسىيەسىنى ئازراق ئۆزگەرتىۋىدى، توختىخان سىدىق يالغاندىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغان قىياپەتتە سۈرەتتىكى قىزنىڭ 10 كۈنىنىڭ ئالدىدا دۇكىنىغا بىر قېتىم كېلىپ ھاراق ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. سۆھبەت داۋامىدا ئويلىمىغان يەردىن كۈتكۈچى قىز رىسالەت ھېلىقى سۈرەتنى كۆرۈپ مىشىلداپ

يىغلاپ كەتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىش، ئۇنىڭغا قانۇن تەربىيەسى ئېلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھەقىقىي بايانىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى.

## رەھىمسىز قول

2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۆلەت بايرىمى بىلەن يەكشەنبە تەڭ كەلگەچكە، توختىخان سىدىقنىڭ B ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان « قىزىل مەلەڭزىلىك قاۋاقخانا » سى خېرىدارلار بىلەن لىق تولدى. قاۋاقخانىدا ئورۇن قالمىغاچقا، كېيىنرەك كەلگەن خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدىغانغىمۇ، ئۇلارغا ئىككى ئېغىز ئۆزرە ئېيتىپ خوش دەپ قويىدىغانغىمۇ توختىخان تۇرماق، كۆتكۈچى قىزلارنىڭمۇ چولىسى تەگمىدى. كۆتكۈچىلەر بىر تەرەپتىن مېھمانلارنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى تەييارلاشقا ئالدىرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن خېرىدارلار تۇتقان ھاراقنى ئىچەتتى، تەڭلىگەن تاماكىنى چېكەتتى؛ ئىگىز ـ پەس تووۋلانغان ناخشىلارغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ـ تانسا ئوينىمىسا تېخى بولمايتتى. قاۋاقخانا سورۇنلىرىنىڭ جانلىنىپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ مانا مۇشۇ خىل «مۇلازىمەت»نىڭ بولغانلىقىدا ئىدى. توختىخان بۈگۈنكىدەك سودا ياخشى بولىدىغان كۈنلەردە ھېلى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە رىياسەتچىلىك قىلسا، ھېلى ھىجىيىپ، غىلجىڭلاپ ئايرىمخانىلارغا نۆۋەت بىلەن «قەدەم تەشرىپ» قىلىپ، يادا بولۇپ كەتكەن ئىشقىۋازلىق ناخشىلىرىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە قاراڭغۇ چۈشتى. مېھمانلارمۇ ئالا ـ جوقا تووۋلىشىپ، بىردىن، ئىككىدىن تارقاشقا باشلىدى. سائەت 12 لەردىن

ئاشقاندا مەيخانىدا بىرقانچە كۈتكۈچىلا قېپقالدى. بۇ چاغدا ھەممىدىن كېيىن قالغان خېرىدار مۇزەپپەر مۇلازىمەت پەشتاختىسىغا كېلىپ، توختىخان سىدىقتا ئۆزىگە ھەمراھ بولغان كۈتكۈچى تۇرسۇنگۈلنىڭ 30 يۈەن پۇلنى ئۆزىدىن ئارتۇق ھېسابلاپ ئېلىۋالغانلىقىنى شىكايەت قىلدى . توختىخان سىدىق ئۇنى بىر ئامال قىلىپ يولغا سالغاندىن كېيىن، تۇرسۇنگۈلنى ناھايىتى سەت سۆزلەر بىلەن تىللاپ كەتتى. تۇرسۇنگۈلمۇ مەست بولۇپ قالغاچقا، ئۇنى خوجايىن دەپ يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرماستىن ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. توختىخان سىدىق مەيخانا ئېچىپ كېلىۋاتقان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىگە ھېچقانداق خىزمەتكارنىڭ بۇنداق يېنىپ باقمىغانلىقى، تۇرسۇنگۈلنىڭ باشقا خىزمەتكارلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىكىنى ئويلاپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ بىردىنلا خۇددى چىشى بۆرىگە ئوخشاش غالجىرلاشتى. ئۇنىڭ رەھىمسىز بىر جۈپ قولى توساتتىن مەستلىكتە ئالا ـ جوقا سۆزلەۋاتقان، ھېچ ئىشنى ئۇقماي كىرىپسلودا سۇنايلىنىپ ياتقان تۇرسۇنگۈلنىڭ گېلىدىن ئامبۇردەك قىستى. ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت ئۆتمەيلا تۇرسۇنگۈل تىپىرلاشتىن توختاپ بوشاپ كەتتى. توختىخان سىدىق شۇ چاغدىلا پۇخادىن چىققاندەك بولدى. ئۇمۇ بۇگۈن ئۇ ئايرىمخانا، بۇ ئايرىمخانىلاردا خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ بىرـ ئىككى رومكىدىن ئىچىپ، خېلىلا روھلىنىپ قالغاچقا، ھېچقانداق قارشىلىق بىلدۈرگۈدەك ئەھۋالى يوق ياتقان تۇرسۇنگۈلگە ئۆچمەنلىك بىلەن شالاقتىدە بىرنى تۈكۈرگەندىن كېيىن، ئايرىمخانىدىن چىقىشىغا ئۆزىگە قانات سۆرەپ يۈرىدىغان رازاق تۇراپ دېگەن مەست كاللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ رازاق تۇراپنى بىر ئىشنى باھانە قىلىپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى ـ دە، ئىككىسى بىر موتوسىكلىتتا مىنگىشىپ نەلەرگىدۇر يوقالدى. ئۇلار قاۋاقخانىغا قايتىپ كەلگەندە كېچە سائەت 2 بولۇپ قالغانىدى. قاۋاقخانىدا كۈتكۈچى قىز رىسالەت

بىلەن بوسارەملەر بار بولۇپ، ئۇلارمۇ بوگۇن خېلى كۆپ هاراق ئىچىشكەن بولسىمۇ، باشقىلارغا قارىغاندا بىرئاز سەگەك بولغاچقا، تۇرسۇنگۇلنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى ئويغاتماقچى بولغاندەك تۇرتۇۋاتاتتى. توختىخان سىدىق بولسا هېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك ئۇلاردىن تۇرسۇنگۇلگە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇ خۇپسەنلىك قىلىپ، ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە تۇرسۇنگۇلنىڭ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ :

— نېمە، ئۇ ئۆلۇپ قاپتىغۇ؟ بىچارە قىز، مېنى دەپ هاراقنى كۆپ ئىچىپ زەهەرلەنگەن گەپ، — دېدى. هەيران قالغان رىسالەت ئۇنىڭ ساختىپەزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى دەرهال چۈشەندى - يۇ، گەپ- سۆز قىلىشقا پېتىنالمىدى . ئۇ بايا بولغان ئىشلارنى پەردىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ كۆرگەنىدى ، ئاغزىدىن چىقارسا ئۆزىنىڭمۇ بىرەر كوتولمىگەن پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن قورققانىدى .

— ئىككىلىنىپ تۇرمايلى، تاڭ ئېتىپ كەتسە بۇ ئىشلارنى خەقتىن يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ ، ئۇ چاغدا هېچقايسىمىز بۇ بالا - قازانىڭ جاۋابكارلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز، شۇڭا ئۇنىڭ جەسىتىنى بۇ يەردىن تېزرەك يۆتكىۋېتەيلى. بىز هەرقانچە ئىچ ئاغرىتساقمۇ ئەمدى ئۇ تىرىلمەيدۇ، — دېدى توختىخان سىدىق قۇۋلۇق قىلىپ.

رازاق تۇراپ B ناهىيەسىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى بىر يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دېهقان ئىدى. ئۇ ئازراق هاراق ئىچسىلا توختىخاننىڭ ئىشقىدا پۇچىلىناتتى. توختىخان سىدىق ئۇنىڭ شەهۋانىي نەپسىنى بىر قېتىم قاندۇرۇپ قويىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن هەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدى. شۇڭا، توختىخان سىدىق بايا رازاق تۇراپ بىلەن مەقسەتلىك بىر قېتىم «كېچىلىك سەيلە » قىلىپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ توختىخاننىڭ سادىق ئىتتىغا ئايلانغانىدى. توختىخان سىدىق يەنە قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىگە

ئەڭ سادىق قىز رىسالەتنىمۇ بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە كۆندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇچەيلەن تۇرسۇنگۈلنىڭ جەسىتىنى موتوسىكلىتقا ئارتىپ، ھېلىقى ئورمان بەلبېغىغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. توختىخاننىڭ قارىشىچە، تېخى يېقىندىلا كېلىپ ئۆزگە نىمكار بولۇپ ئىشلەۋاتقان ياقا يۇرتلۇق بۇ قىزنى بۇ يەردە ھېچكىم تونۇمايتتى، ئۆزىمۇ بۇ دەردى- بالادىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

ساقچىلار جىنايەت گۇماندارلىرىنى توختىتىپ قويىدى، ھېچكىمنى پوش دېمەيدىغان، ھايا- نومۇس دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان جاۋابكار توختىخان سىدىقمۇ، ئەرلەرگە خاس جاسارىتى يوق رازاق تۇراپمۇ ساقچىلارنىڭ ئىنچىكە خىزمەت ئىشلىشى، پارتىيەنىڭ سىياسىتى ۋە دۆلەت قانۇنىنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە، ئاخىر جىنايى قىلمىشلىرىنى ئارقا- ئارقىدىن ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## « ئەل قىساسى مىنەلھەق »

2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلارنى سوت قىلىش كوللېگىيەسى B ناھىيەسىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايەتچى توختىخان سىدىق، رازاق تۇراپ، رىسالەتلەر ئۈستىدىن چىقارغان ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى. جىنايەتچى توختىخان سىدىقنىڭ قەستەن قاتىللىق جىنايىتىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش، جىنايەتچى رازاق تۇراپ، رىسالەتلەرگە جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى ئۈچۈن ئايرىم- ئايرىم مۇددەتلىك 10 يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۈچ يىل مەھرۇم قىلىش ھۆكۈم

قىلىنغانىدى.

ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىدىن كېيىن جىنايەتچى توختىخان سىدىققا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى مىلتىق بىلەن ئىجرا قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەدەپ- ئەخلاق، شەرم- ھايا دېگەنلەردىن مۇستەسنا ئۆتكەن جىنايەتلىك ھاياتى ئەبەدىلئەبەد ئاخىرلاشتى. رازاق تۇراپ بىلەن رىسالەتلەر بولسا ئالاقىدار تۇرمىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ھاياتنىڭ تۇنجى سىنىقىغا تەۋەككۇل قىلىپ، بۇ خۇنۇك كوچىغا ئەمدىلا قەدەم بېسىشنى خالىغان، تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرى ۋە گۈزەللىكلىرىدىن تېخى قېنىپقىنىپ بەھرە ئېلىپ باقماي تۇرۇپ بىھۇدە باقىي دۇنياغا يولغا سېلىپ قويۇلغان 20 ياشلىق ناتىۋان قىز تۇرسۇنگۈلنىڭ روھى ئەمىن تاپقاي.

2001-يىل سېنتەبىر



# قاباھەتلىك كېچە

## تۇندىكى شۇملۇق

1991 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سەھەرگە يېقىن مەزگىل ئىدى، 60 ياشلىق رەۋىخان موماي ئۆيىنىڭ كەينىدىكى باغنىڭ شورىسىدىن ئۈمىلەپ چىقتى-دە، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىغاچ تېز- تېز يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. كائىنات غايەت زور بىر قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك تاڭ قاراڭغۇسىغا چۆمگەن، ئەتراپ جىمجىت ئىدى . مومايىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، تېنى شۈركۈنۈپ تۇراتتى، بايىقى بۇلاڭچىلار بىر يەرلەردىن تۇيۇقسىز چىقىپ ئۇنى قوغلاپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئىنىسى تۇرغۇن ئەيسانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى ـ دە، دەرۋازىنى بار كۈچى بىلەن قاتتىق قاقتى. دەرۋازىنىڭ يىراقلاردىن قايتقان ئەكس ساداسى بىلەن تەڭ يىراق ـ يېقىندىكى ئىتلار بەس ـ بەستە قاۋاپ كېتىشتى.

كۆزلۈك يىغىمىنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگىكى ھاردۇرغانلىقتىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەن تۇرغۇن ئەيسا دەرۋازىنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن تەستە ئويغىنىپ، كىيىملىرىنى يېرىم- يارتا كىيىپلا يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئالدىدا ئۆكسۈپ يىغلاپ، جاقىلداپ تىترەۋاتقان رەۋىخان ئەيسانى كۆرگەن تۇرغۇن ئەيسا ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ بولغۇچە موماي ئېسەدەپ تۇرۇپ :

ـــ تېز بول، بۇلاڭچىلار، بۇلاڭچىلار قاسىم ئاخۇننى

ئۆلتۈرۈۋەتتى......

موماينىڭ گېپىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى چۈشىنەلمىگەن تۇرغۇن ئەيسا سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى پەرەز قىلىپ دەرھال كەنت مەسئۇللىرىنى، قولۇم ـ قوشنىلارنى ئويغىتىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. « قاسىم ئاخۇننى بۇلاڭچىلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ » دېگەن خەۋەر بىردەمدە پۈتۈن مەھەللىنى قاپلىدى. قاسىم ئاخۇن بوۋاينىڭ ھويلىسى بىردەمنىڭ ئىچىدە ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. يۇرت چوڭلىرىدىن بىرنەچچەيلەن قولچىراغ ۋە جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا خىمىيەۋى ئوغۇت، بۇغداي، كىگىز، يوتقانلار بىلەن ئۈستى ـ ئۈستىلەپ باسۇرۇۋېتىلگەن قاسىم ئاخۇن بوۋاي ۋە ئۇنىڭ 11 ياشلىق ئوغلى قادىرجانلارنى تاپتى. قاسىم ئاخۇن بوۋاينىڭ بىرنەچچە يېرىگە پىچاق تىقىلغاچقا، ئۈستىبېشى قانغا مىلىنىپ، يۈز ـ كۆزى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. كىشىلەر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بوۋاينىڭ ئاللىقاچان نەپەستىن قالغانلىقىنى جەزملەشتۇردى ۋە دېرىزە ئويۇقچىسىغا تىقىپ قويۇلغان 4000 يۈەن پۇلنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى بىلدى.

## «غېرىبنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بېشى تاشقا تېگەر»

چىنىباغ بىنەم W ناھىيەسىنىڭ مەلۇم يېزىسىغا قارايدىغان، شەھەر ـ بازارلاردىن يىراق خىلۋەت يۇرت بولۇپ، نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەر توغراق، يۇلغۇن، تىكەن ـ چاتقاللار بىلەن رەڭلىنىپ تۇرىدىغان، ئۇ دۆڭنىڭ كەينىدە، بۇ توغراقنىڭ تۈۋىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان نەچچە ئونلا ئاھالىسى بار يۇرت ئىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۇرتكىسىدە، كىشىلەر يۇرت ـ

يۇرتلاردىن كۆچۈپ كېلىپ جاپالىق قان ـ تەر ئاقتۇرۇپ، توپلىشىپ بوز يەر ئېچىپ، سۇ باشلاپ بۈگۈنگە كەلگەندە چىنىباغ بىنەمىنى بىرنەچچە كەنت، نەچچە مىڭ ئاھالىسى بار بۈك ـ باراقسان بوستانلىققا، ئىسمى ـ جىسمىغا خاس مۇنبەت زېمىنغا ئايلاندۇرغانىدى. قاسىم ئاخۇن بوۋايمۇ بۇ يۇرتنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسلىي قەشقەر شەھىرىدىن ئىدى. ئۇ ئەمدىلا 9 — 10 ياشلارغا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسى نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىپ، دادىسى ئۇنى چەت ئەل (ئەنجان)دىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتكەنىدى. ئارىدىن مەلۇم يىللار ئۆتكەندە ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ ياقا يۇرتتا تىكەندەك يالغۇز قالغان. دەسلەپتە ئۇ مەدىكارچىلىق قىلغان، كېيىن باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى، مەدەت بېرىشى بىلەن ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ سېرىق تال تۇرمۇشقا ئېرىشكەن ، لېكىن ئۇنىڭ ھېچقانداق يېقىن كىشىسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئوغرىلىقچە چېگرادىن ئۆتكەندە تۇتۇلۇپ قېلىپ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدا ئون نەچچە يىل جازا ئىجرا قىلغاندىن كېيىن مۇددەتتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ، لېكىن باش تىققۇدەك ماكانى يوق بولغاچقا، ئۇ يۇرت ـ بۇ يۇرتلاردا تىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاخىر چىنىباغ بىنەمىدە ماكانلىشىپ قالغان. كېيىن يۇرت چوڭلىرى ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويدى. مانا ئەمدى ئۇ بۇ يۇرتنىڭ رەسمىي بىر ئەزاسىغا ئايلاندى. ئۇ ھاياتىنىڭ قىران چاغلىرىنى يېتىمچىلىكتە ۋە تۈرمىدە ئۆتكۈزدى، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندە 50 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىنى مەنىلىكرەك ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ چىنىباغ بىنەمگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە بەزى كىشىلەر ئۇزاق يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققان،

يۈرتىنىڭ تايىنى يوق بۇ يوچۇن ئادەمدىن ئەنسىرەشتى. لېكىن، قاسىم ئاخۇن ئۆزگەرتىش ئورنىدىن ئىبارەت بۇ «ئۇنىۋېرسال مەكتەپ» تە ئۇزاق يىل «ئوقۇغان» لىقى ئۇچۇن، ھەقىقىي يېڭى بىر ئادەم بولۇپ چىققانىدى. شۇڭا، ئۇ تۇرلۇك مەنىۋى توسۇقلارنى سەۋرچانلىق بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ، يەردىن ئىبارەت بۇ ئالتۇن قورۇققا ئۇن- تىنسىز ئون نەچچە يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەر ئاقتۇزدى. ئۇنىڭ ئەجرى بىكار كەتمىدى، ئۇ ئەل قاتارى ئىگىلىك يارىتىش ئۈچۈن قىلغان ھالال مېھنىتى بەدىلىگە بۇگۈنگە كەلگەندە كەڭرى ئۆي- ئىمارەتكە، ئات، كالا، قوي قاتارلىق نەچچە ئون ئۇلاغقا، ئون نەچچە مىڭ يۈەن نەق پۇلغا ۋە يۈرت مۆتىۋەرلىرى قاتارىدا ھۆرمەتكە ئېرىشىپ، روناق تاپقان ئائىلىلەر قاتارىغا كىردى. ئۇنىڭ ئۈمىدى — ئەتىۋارلىق ئىز باسارى بولغان يالغۇز ئوغلى قادىرجاننى ياخشى ئوقۇتۇپ، يارامىلىق بىر ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئۆيلەپ قويۇش، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر تىراكتور، بىر موتوسىكلىت ئېلىپ بېرىش ئىدى ھەم شۇ مەقسەتتە تاپقان پۇلىنى مەھكەم ساقلاۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، «غېرىبنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بېشى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، 70 ياشلىق بۇ بەختسىز بوۋاي ئارمانىغا يەتمەي تۇرۇپ، بىر كېچىدىلا نامەلۇم بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئاق كۆڭۈل يۇرتداشلىرى ئۇنىڭ بەختسىز تەقدىرىدىن ئېچىنىپ، ئېغىر ئۇھسىنىپ، سۆكۈتكە پاتتى، بەزىلەر ئۆزىنى تۇتالماي كۆز يېشى قىلىشتى.

رەۋىخان موماي بوۋاينىڭ ئىچ ئاغرىقىدا قىلىدىغان ئىشىنى تاپالمايدىغان، ئەسلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ بۇ ۋەقە قادىرجاننىڭ سەبىي قەلبىدە ئاخىرى چىقمايدىغان قورقۇنچلۇق چۈش بولۇپ قالدى. باشلانغۇچنىڭ 3 - يىللىقىدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇۋاتقان قادىرجان شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۆگىنىشتە بىراقلا چېكىنىپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى زېھنىگە ئالالمايدىغان، باشقىلار گەپ

قىلسا ھاڭۋىقىپ قاراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دائىم نىقابلانغان سۇرلۇك ئىككى گەۋدە، قولتۇقىنى ئېچىشتۇرۇپ جىجىلغان يوغان، قوپال سوغۇق پىچاق زاھىر بولاتتى. « پۇل نەدە؟ دەپ بەرمىسەڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!» دېگەن قورقۇنچلۇق سادا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھېلىھەم تەكرارلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئۇ ناتونۇش ئادەملەرنى كۆرسە قورقىدىغان بىچارىگە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى كىشىنى تېخىمۇ ئازابلايتتى.

## نىقابلانغان ئىككى قارا نىيەت

بۇ پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جاۋابكارلارنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى مەمەت ھۇسۇيىن بولۇپ، 24 ياش، كەسپى كىگىزچى، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى قۇربان بەكرى بولۇپ، ئۇمۇ 24 ياش، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆيى چىنىباغ بىنامگە يېقىن ئىدى. بۇ بىر جۈپ مەلئۇن تۇغقان ۋە يېقىن دوست - بۇرادەرلەردىن ئىدى، ئەقىل - پاراسەت، خۇلق - مىجەز ۋە ئابروي - ئىناۋەت جەھەتلەردە دېمەتلىكلىرى ئىچىدە ئۆزلىرىنى خېلى ئۈستۈن چاغلايتتى، كېچىسى ئۆيلىرىدە ئۇخلىغاندىن باشقا ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق بىر ئىشتا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قالمايتتى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى يۇرتنىڭ كۆرەڭ « نوچى » لىرىدىن ھېسابلايتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قولىدىن بۇنداقمۇ « نوچىلىق » نىڭ كېلىشىنى ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

مەمەت ھۇسۇيىن 1991 - يىل 8 - ئايدا قاسىم ئاخۇن بوۋاينىڭ ئۆيىدە كىگىز ئېتىش جەريانىدا بوۋاي بىللە پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇلى بارلىقىنى، پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئۆيىدە

ساقلاۋاتقانلىقىنى، ئوغلى قادىرجان چوڭ بولسا ئۇنىڭغا تىراكتور، موتوسىكلىت ئېلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن. بۇ چەت مەھەللىدە قاسىم ئاخۇنىڭكىچىلىك كۆپ پۇلى بار ئادەم يا بار، يا يوق. بار بولسىمۇ بىر- ئىككىسى باردۇر. لېكىن، بۇ قېرى بايقۇش تىغجان ئىشلەپ تىراكتور، موتوسىكلىت سېتىۋالغۇدەك شۇنچىلا پۇلنى قانداق تاپقاندۇ؟ ئەگەر بۇ پۇل مەمەت ھۇسەيىندە بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىش باشقىچە بولاتتى- دە، ھەي......

مەمەت ھۇسەيىن بارغانسېرى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپ ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ھەسرەت چەكتى، ئولتۇرسا - قوپسا ئۇنىڭ كۆزىگە كاللەك - كاللەك پۇللار كۆرۈنۈپ ئارامىنى بۇزدى، كېيىن بارغانسېرى كۆزى قىزىرىپ نىيىتى بۇزۇلدى.

1991- يىل 10- ئاينىڭ 18- كۈنى مەمەت ھۇسەيىن قۇربان بەكرىگە قاسىم بوۋاينىڭ پۇلىنى سوقۇۋېلىش مەسىلىھەتىنى بەردى. ھېلىلا قىمار ئويناپ نۇرغۇن پۇلنى ئۇتتۇرۇۋەتكەننى ئاز دەپ، يەنە بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ قىمار سورۇنىدىن قايتىپ چىققان قۇربان بەكرى بۇ مەسلىھەتكە ئىككىلەنمەيلا قوشۇلدى. مەمەت ھۇسەيىن قۇربان بەكرىگە پۇلنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ چارە- ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتتى. ئۇلار پۇختا پىلان تۈزگەندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئەتىسى ئۇلار چاشگاھتا ئۇچرىشىپ، پىلان بويىچە ئەلياتقۇ مەزگىلىدە قاسىم ئاخۇن بوۋاينىڭ مەھەللىسىنى نىشانلاپ ماڭدى. قۇربان بەكرى دەرۋازا ئالدىدىكى ئېرىقتا خۇددى ئوغرىمۇشۇكتەك كۆز- قۇلاق بولۇپ تۇردى. مەمەت ھۇسەيىن قاسىم ئاخۇن بوۋاي، رەۋىخان موماي ۋە ئۇلارنىڭ بالىسى قادىرجانلارنىڭ باش كۆتۈرمەي قوناق سوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قايتىپ كېلىپ، قۇربان بەكرىگە ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقىدا پات ئۇخلايدىغاندەك ئەمەسلىكىنى، قايتىپ كېتىپ ئەتىسى كېچىدە كىلىشنى ئېيتتى. قۇربان بەكرى ماقۇل بولغاندىن كېيىن

ئۇلار قايتىپ كېتىشتى. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كېچىدە مەمەت ھۈسەيىن قۇربان بەكرىنى ئۆيىدىن ئويغىتىپ چىقىپ، ئىككىسى قاسىم ئاخۇن بوۋاينىڭ مەھەللىسىگە ئىككىنچى قېتىم كەلدى. بۇ چاغدا ئاي ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان بولۇپ، پۈتكۈل چىنىباغ بىنەملىكلەر ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن، ئەتراپ تىپتىنچ، پەقەت چېكەتكىلەرنىڭ ئاجىز چىرىلداشلىرىلا جىمجىتلىقنى ئازراق بۇزاتتى. ئىككى قارا نىيەت ئەتراپنى تىڭتىڭلاپ بېقىپ، بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى، ئاندىن يۈزلىرىنى ياغلىق بىلەن نىقابلاپ، قوللىرىغا پىچاق ئېلىپ تەييارلانغاندىن كېيىن، مەمەت ھۈسەيىن قۇربان بەكرىگە :

— قاسىم ئاخۇن دېگەن بۇ قاقباش ئۇزاق يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققان يامان قېرى، مەن ئۇنىڭ ئۇخلىغاندا ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تۆمۈر چوماق قويۇپ ياتىدىغانلىقىنى كۆرگەن، ئىشنى ئېھتىيات بىلەن قىلايلى، بۇ ئۆيدىكىلەر مېنىڭ ئاۋازىمنى تونۇيدۇ، شۇڭا مەن ئۈنۈمنى چىقارماي ئىشارەت قىلىمەن، سەن مېنىڭ ئىشارىتىم بويىچە ئىش قىل،— دېدى پىچىرلاپ. قۇربان بەكرى ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش شەپە چىقارماستىن شوتا بىلەن ھويلىغا چۈشۈپ، پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن قاسىم ئاخۇن، رەۋىخان، قادىرجانلارنىڭ يېنىغا كېلىشىگە قاسىم ئاخۇن بوۋاي ئويغىنىپ بېشىنى كۆتۈردى. بۇ چاغدا قۇربان بەكرى بوۋاينىڭ ئۈستىگە چىقىپ بېشىنى يوتقان بىلەن چۈمكەپ بېسىۋالدى. مەمەت ھۈسەيىن رەۋىخان بىلەن قادىرجانلارنى بېسىۋالدى. قۇربان بەكرى بوۋاينىڭ گېلىغا پىچاقنى تىرەپ تۇرۇپ: «پۇل نەدە؟» دەپ قايتا ـ قايتا سورىغان بولسىمۇ، بوۋاي جاۋاب بەرگىلى ئۈنىمىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. شۇ تاپتا بۇ ئىككى بۇلاڭچى خۇددى بىر يىرتقۇچ بۆرىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇلارنىڭ بارلىق خىيالى بوۋاينىڭ پۇلىنى قولغا چۈشۈرۈشتە ئىدى. بوۋاينىڭ گەپ قىلماي يېتىۋېلىشى بۇلاڭچىلارنى تېخىمۇ غالجىرلاشتۇردى. ئۆپكىسىنى باسالماي قالغان مەمەت ھۇسۇيىننىڭ ئىشارىتى بىلەن قۇربان بەكرى بوۋاينىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۈستى قىسمىنى نىشانلاپ يوتقان ئۈستىدىن پىچاقنى ئەسەبىيلەرچە قالايمىقان تىقىۋەردى. بىچارە بوۋاي بۇنداق قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، شۇڭا ئازراق تېپىرلاپلا جىمىپ كەتتى، ئاندىن مەمەت ھۇسۇيىن قادىرجاننىڭ ئوڭ قولىغا پىچاقنى تىرەپ تۇرۇپ :

— پۇل نەدە؟ ئېيتمىساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ تەھدىت سالدى. قادىرجان پۇل بار يەرنى راستتىنلا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇردى. ئەمەلىيەتتە قادىرجان پۇلنىڭ يوشۇرۇلغان جايىنى بىلەتتى. كىچىككىنە بۇ بالا دادىسىنىڭ بۇ پۇللارنى قانچىلىك قان ــ تەر بەدىلىگە بىرمو، بىرمودىن دېگۈدەك يىغقانلىقىنى بىلگەچكە، بۇلاڭچىلارنىڭ بۇ پۇللارنى ئېلىپ كېتىشىگە يول قويمايتتى، ھەتتا مەمەت ھۇسۇيىن ئۇنىڭ سول بىقىنىدىن 4 سانتىمېتىر جاينى پىچاق بىلەن جىجىپ قان چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، گەپ قىلماي يوتقانغا بېشىنى تىقىۋالدى. بۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان مەمەت ھۇسۇيىن قادىرجان بىلەن رەۋىخان موماينى يوتقان ئۈستىدىن بېسىپ تۇردى. قۇربان بەكرى جىمىپ كەتكەن بوۋاينى قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇدۇلدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينى ئىنچىكىلىك بىلەن ئاختۇرۇپمۇ، پۇلنى تاپالمىدى ۋە قايتىپ چىقىپ مەمەت ھۇسۇيىنگە ئەھۋالنى ئېيتتى. مەمەت ھۇسۇيىن قۇربان بەكرىنى قادىرجان بىلەن رەۋىخان مومايغا قاراشقا قويۇپ، ئۆزى ئاختۇرۇلمىغان ياندىكى يەنە بىر ئېغىز ئۆيگە كىرىپ بوۋاينىڭ 3820

يۈەن نەق پۇلنى دېرىزە تەكچىسىدىكى مەخپىي ئويۇقچىدىن تېپىۋالدى، ئاندىن قولىدىكى جىنچىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ قايتىپ چىقىپ، قۇربان بەكرىگە پۇلنى تاپالمىغانلىقى ئېيتتى ۋە چىقىپ كېتىش مەنىسىدە ئىشارەت قىلدى ھەمدە ھايات قالغان رەۋىخان موماي بىلەن قادىرجانلارنىڭ ئۈستىنى يوتقان، كىگىز، ئۈچ خالتا بۇغداي، بىر قاپ خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن باسۇرۇپ چۈمكەپ قويدى. بۇ چاغدا قۇربان بەكرى بوۋاينىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن بەش يۈەن پۇلنى بۇلىۋالدى. مەمەت ھۇسۇيىن بوۋاي بېشىغا قويۇپ ياتقان تەكيە ئاستىدىن ھويلىنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ، دەرۋازا قۇلۇپىنى ئېچىپ، دەرۋازىنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئاچقۇچنى ھويلىغا تاشلىۋېتىپ نەق مەيداندىن قېچىپ كەتتى. قورقۇپ جان- پىنى چىقىپ كەتكەن رەۋىخان موماي ئەتراپىنىڭ سەل تىنچىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلدى- دە، «لائىلاھە ئىللەلاھۇ...... » دەپ دۇرۇت ئوقۇغاچ، ئۈستىدىكى ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ئاستىدىن مىڭبىر جاپادا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە سىرتقا قاراپ ماڭدى......

قۇربان بەكرى يولدا كېتىۋاتقۇچە مەمەت ھۇسۇيىنگە:

— راستىنلا پۇلنى تاپالمىدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىغاندا، مەمەت ھۇسۇيىن :

— راستىنلا تاپالمىدىم، — دېدى. بۇ رەزىل قارا نىيەتلەر بىر - بىرىنى ئالداۋاتاتتى. قۇربان بەكرىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ مەمەت ھۇسۇيىنگە :

— سەن پۇل بار يەرنى بىلمىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ، مېنى بۇ بالا- قازاغا باشلاپ كىرگەن. ياندىكى ئۆيگە كىرىپ ھايال ئۆتمەيلا چىقىپ، قايتىپ كېتەيلى دېدىڭ، سەن پۇلنى چوقۇم تاپتىڭ، لېكىن يوشۇرۇۋاتىسەن، شۇڭا سەن مېنىڭ يېنىمنى ئاختۇر، مەن سېنىڭ

يېنىڭنى ئاختۇراي، قايسىمىزنىڭ يېنىدىن پۇل چىقسا تەڭ ئۇلىشەيلى — دېدى چىڭ يەردىن تۇتۇپ.

مەمەت ھۇسۇيىن ئامالسىز يېنىدىكى پۇلنى چىقىرىپ، 2020 يۇەننى ئۆزى ئېلىپ، 1800 يۇەننى قۇربان بەكرىگە بەردى، ئاندىن ئىككىسى ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ بۇ ئىشنى ئىنس- جىنغا تىنماسلىق، ئەگەر كىم پاش بولۇپ قالسا ئۆزى بىلەن كېتىش، شېرىكىنى ھەرگىزمۇ چاتماسلىق ھەققىدە ۋەدىلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى.

## ئەجەلگە ئەجەل

جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ تېز تۇتۇش قىلىشى بىلەن جاۋابكار مەمەت ھۇسۇيىن بىلەن قۇربان بەكرىلەر ئارىدىن ئىككى سوتكا ئۆتە - ئۆتمەيلا قانۇن تورىغا چۈشتى.

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى دېلونىڭ پاكىت ۋە دەلىل- ئىسپاتلىرىنى ئاخىرقى قېتىم سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، 1992- يىل 3- ئاينىڭ 28- كۈنى W ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت زالىدا ئاچقان ھەيۋەتلىك ئوچۇق سوتتا بۇ ئىككى جاۋابكار قانۇن بويىچە سوت قىلىندى. بىر مەھەل قىمار، ھاراق قاتارلىق كەيپ- ساپالارنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، ياۋاشنى بوزەك قىلىپ، يامانغا يان تاياق بولۇپ يۈرۈپ، يۈرىكى كۆكرىكىگە پاتماي قالغان، پۇل ئۈچۈن بارلىقىنى دوغا تىككەن بۇ ئىككى ياۋۇز سوت سەھنىسىدە ئامما ئالدىدا ياۋاشلىق بىلەن ئۆز جىنايى قىلمىشىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. سوتنى سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلغان بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم

قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، جازانىڭ بەكمۇ ئادىل ۋە توغرا بولغانلىقىدىن، قانۇننىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە سوتنىڭ ھەققانىيلىقىدىن رازى بولۇشتى. بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى دەپ بىر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، ئىككى ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ بارغان ئىككى بۇلاڭچىغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىپ، ئۇلار ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇلدى.

1993- يىل مارتتا يېزىلدى،
2006- يىل مارتتا تۈزىتىلدى.

# كۆنداشلىق بەدىلى

1988 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كۆز باغلانغان چاغ، K ناھىيە P يېزىلىق ساقچىخانىغا 20 ياشلاردىكى كېلىشكەن، رەتلىك كىيىنگەن، ئەمما ئۇچىسىدىكى ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئوڭ قول يېڭى ۋە بارماقلىرى قان بىلەن بويالغان بىر ياش كىرىپ كەلدى. نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان، كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك ساقچىخانا باشلىقى قاسىم ماموت ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىكى قان داغلىرىنى، چىرايىدىكى پەرىشانلىقنى كۆرۈپ قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ، كىرگۈچىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئارقىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى.

كىرگۈچى ناھايىتى جىددىي كۆرۈنەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ :

— مەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، شۇڭا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كەلدىم، — دېدى بېشىنى يەردىن ئۇستۈن قىلماي .

كىرگۈچىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، ئۆزىنىڭ ئىسمى تۇرەك ئاۋۇت، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىسمى پاشاخان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى J ناھىيەسىنىڭ H يېزىسىدىن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا ھەر ئىككىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلماي، مەكتەپتىن قالغان، ئۇلار بىللە مال بېقىپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، يېزا ئەنئەنىسى بويىچە تۇرەك ئاۋۇت بالاغەت يېشىغا، پاشاخان رەسىدە يېشىغا يېتىپ، ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پاشاخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى باشقا بىرسىگە

ياتلىق قىلىۋەتكەن.

پاشاخان دېمەتلىكلىرى ئىچىدە خېلى چىرايلىق، شوخ سانىلاتتى. ئۇ ئەرگە تېگىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇرەك ئاۋۇت خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ، ھەسرەت چېكىپ چۆرگۈلىتىپ قويۇۋېتىلگەن ئادەمدەك خاموش يۈردى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئەقىدىسى بىراقلا تۇنجۇققانىدى.

پاشاخان ئىككى يىلدىن كېيىن ئېرى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىپ، ياقا يۇرتلۇق يەنە بىرسىگە تەگدى. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئاز ۋاقىت ئۆي تۇتۇپلا ئاجرىشىپ كەتتى. پاشاخاننىڭ پىراقىدا تېخىچە بويتاق يۈرۈۋاتقان تۇرەك ئاۋۇتنىڭ قەلبىدە ئۇ مەڭگۈ قىز ھېسابلىناتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئۈمىد پەيدا بولۇپ، ئاستا- ئاستا كۈچىيىپ، ئاخىر ئۇنىڭ ئىرادىسى ئۆزىگە ھۆكۈمران بولدى. ئۇنىڭ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن 1987- يىل 12- ئايدا ئۇلار ئۆزئارا پۈتۈشۈپ توي قىلىپ، ئاخىر بىر ياستۇققا باش قويدى.

بۇلارنىڭ ئائىلىسى بەختلىك ئائىلە بولالمىدى. ئەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكى، كۈنداشلىقى، ئايالنىڭ تۈزلۈكى، شوخلۇقى بىر - بىرىگە ماسلىشالمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەڭگى - جېدەللەر، ئۇرۇپ - سوقۇشلار، قورقۇنچلۇق تەھدىتلەر پات- پات يۈز بېرىپ تۇردى. توي قىلىپ ئالتە ئاي 11 كۈن بولغاندا، يەنى 1988 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پاشاخاننىڭ تەلىپى، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ئۇلار نىكاھتىن ئاجراشتى. لېكىن، تۇرەك ئاۋۇتنىڭ پاشاخانغا يەنىلا كۆڭلى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ئاجرىشىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە پاشاخان بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن ئاتا- ئانىسىنى پاشاخاننىڭ ئائىلىسىگە كىرگۈزدى. پاشاخاننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قارىشىچە، تۇرەك ئاۋۇت ھەم مۆڭ، ھەم تەلۋە بىر ئادەم بولۇپ، كېيىنچە بالىلىق بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئائىلىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بىر بولۇمسىز ئىدى.

شۇڭا، پاشاخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى چىرايلىق رەت قىلدى. بۇ ئىش تۇرەك ئاۋۇتنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. شۇ چاغدا پاشاخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى پاشاخاننى بىر مەھەللىلىك ئابلەت ئابلا ئىسىملىك بىرسىگە بەرمەكچى بولۇپ چېيىنى قوبۇل قىلدى. تۇرەك ئاۋۇت بۇنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. چۈنكى، ئابلەت ئابلا بىلەن تۇرەك ئاۋۇت بۇرۇندىنلا كۆشەندىلەردىن ئىدى. بۇنىڭغىمۇ پاشاخان سەۋەبچى بولغاندى، چۈنكى پاشاخاننى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بۇرۇندىنلا قوغلىشاتتى. « ماۋۇ ئەرگە تويمايدىغان بىرنېمىنىڭ ئادەم چىقمىغاندەك، مېنىڭ رەقىبىمنى تاپقىنىنى قارىمامدىغان» تۇرەك ئاۋۇت كۆچلۈك رەشك ئوتىدا ئازابلاندى، غەزەپلەندى، نىيىتى بۇزۇلدى..... ئۇنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك زىددىيەت كۆرەش قىلاتتى، بۇ ئازابلىق خىياللار ئۇنى بىردەممۇ ئارامىدا قويمايتتى.

تۇرەك ئاۋۇت ئالدى بىلەن ئابلەت ئابلانى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ ئويلاپ ـ ئويلاپ، بۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسىنىڭ ئۇ ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇنداقتا گۇناھ كىمدە؟ پاشاخاننىڭ ئانىسىدا. ئۇ قىزىنى بەرمەيمەن دېسە ئابلەت ئابلامۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، پاشاخاننىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەكمۇ؟ ياق! ئۇ ياشانغان بىر خوتۇن، تۇرەك ئاۋۇت ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە مۇرادىغا يېتەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ياخشى كۆرگەن قەدىرلىك ئادىمى پاشاخاننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇ ئويلاندى، تولا ئويلىنىپ ئاخىر بىر پارچە ۋەسىيەتنامە يازدى:

## ۋەسىيەتنامە

ئەل ـ قوۋمى قېرىنداشلار، يارۇ بۇرادەرلەر، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ

توغقانلار، كۆرگەن ـ بىلگەن يۇرتداشلار! مەن سىلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى : سىلەر ھەرگىز مەندەك كەم ئەقىللىق قىلماڭلار، ئاتا ـ ئانا بولساڭلار ھەرگىز پاشاخاننىڭ ئانىسىدەك پەرزەنتىڭلارنىڭ قەلبىنى ئازابلىماڭلار، ئۇلارنىڭ بەختىگە ئولتۇرماڭلار، ئۇلارغا دۈشمەن بولماڭلار.

مەن ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقى، پاشاخاننىڭ ئانىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن سۆيگىنىم پاشاخاندىن، ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن ئايرىلدىم. شۇ ۋەجدىن سۆيگىنىم پاشاخاننىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ يورۇق دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلماقچى، بىللە ئۆلمەكچى بولدۇم. بىز ئۆلگەندىن كېيىن بىزنى بىر گۆردە، ھېچبولمىغاندا ياندىش گۆردە ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلەر قاتارىدا قويۇڭلار، مېنىڭ گۇناھى ـ كەبىرىمنى ئاللاتائالا كەچۈرمىسىمۇ، سىلەر كەچۈرۈڭلار! ئۈمىدسىز تۇرەك ئاۋۇتتىن دەپ بىلىڭلار.

1988ـ يىل 7ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى

تۇرەك ئاۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتا قىلدى، ئاندىن ئېشەك ھارۋىسىنى قېتىپ جاڭگالدىن بىر ھارۋا يانتاق بېسىپ كەلگەندىن كېيىن، تاماق يەپ، تەرەت ئېلىپ، مەھەللىنىڭ بېشىدىكى كەنت مەسچىتىگە جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى باردى. قايتىپ كېلىشىدە يول بويىدىكى ئېگىزلىقتا قوي بېقىۋاتقان پاشاخان بىلەن ئابلەت ئابلانىڭ ئانىسى گۈلسارىخانلارنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆيىگە كەلدى. ئۇ خېلى كۈنلەردىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئىشنى بۈگۈن ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولدى.

تۇرەك ئاۋۇت ئۆيدىن كەكىنى ئېلىپ چىقىپ مەھەللىدىكى تېرەكتىن ئۈزۈنلۈقى بىر يېرىم مېتىر، توملۇقى بىلەكتەك كېلىدىغان بىر كالتەك تەييارلىۋالدى ـ دە، ئۇدۇل پاشاخان بىلەن گۈلسارىخان قوي بېقىۋاتقان جايغا كەلدى. گۈلسارىخان مال توسقىلى كەتكەنىدى. تۇرەك ئاۋۇت پاشاخاننىڭ يېنىغا كېلىپ جىددىي

قىياپەتتە:

— ئىككىمىز بۇ دۇنيادا مۇرادىمىزغا يېتەلمەيدىكەنمىز، مۇشۇنداق قىلماي باشقا ئامال تاپالمىدىم. مېنىڭدىن رازى بول، مەنمۇ ئارقاڭدىنلا يېتىپ بارىمەن، ئىككىمىز ئۇ دۇنيادا مۇرادىمىزغا يېتىمىز، — دېدى ـ دە، پاشاخاننىڭ دۈمبىسىگە بايىقى ھۆل كالتەك بىلەن كۈچەپ بىرنى ئۇردى. پاشاخان دۈملا يىقىلدى. تۇرەك ئاۋۇت يېنىدا دائىم ئېسىپ يۈرىدىغان پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، پاشاخاننىڭ بەل، دۈمبە، يوتا قاتارلىق جايلىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت قېتىم تىقتى، ئاندىن پاشاخاننىڭ مەيدىسىگە تىزلاپ، سول قولى بىلەن پېشانىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئوڭ قولى بىلەن گېلىغا كۈچ بىلەن پىچاق سۇردى. پاشاخاننىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولغاندىلا، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا يۈرۈپ كەتتى.

تۇرەك ئاۋۇت « ۋەسىيەتنامە » سىدە دېگىنىدەك ئۆلۈۋالمىدى، ئەكسىچە ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. قانۇن خادىملىرى ئۇنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ :

— مەن ئەسلىدە ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىدىم، لېكىن ئۆلۈۋالمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى بىرسى، يازغان ۋەسىيەتنامەم يېنىمدا يوق، ئۇنى مەن پىنھان جايغا تىقىپ قويغان، كىشىلەر ئۇنى كۆرمىسە مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىمنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ ؛ يەنە بىرسى، قانۇن ماڭا كەڭچىلىك قىلىپ، يازغان ۋەسىيەتنامەمنى سوت ئۇستىدە ئاممىغا، ئاتا ـ ئانىلارغا بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىش پۇرسىتى بەرسە، شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئىبرەت قىلدۇرالايمەن دېگەن مەقسەت بىلەن قانۇن ئورنىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم، — دېدى لاغىلداپ تىترىگىنىچە.


20 يىللىق ھاياتتىن بەھرىمەن بولغان بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى پۇشايمان قىلدى، نالە قىلدى، بىر كۆزىدىن ياش، بىر

كۆزىدىن قان ئېقىتىپ، زار ـ زار يىغلاپ قاقشىدى.

كىشىلەر پاشاخاننىڭ پاجىئەسىگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئېچىنىپ يىغلىدى، تۇرەك ئاۋۇتنىڭ كونداشلىقى، نادانلىقى، شەخسىيەتچىلىكى، ۋەھشىيلىكىدىن غەزەپلەندى.

تۇرەك ئاۋۇت كەچۈرگۈسىز گۇناھكارغا ئايلاندى. سوت مەھكىمىسى جاۋابكارنىڭ جىنايىتىنىڭ ئېغىر، ئۇسۇلىنىڭ قەبىھ، ئاقىۋىتىنىڭ ئېچىنىشلىق، تەسىرىنىڭ يامان، ئاممىنىڭ غەزىپى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن بىر چاغدا، جاۋابكارنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقى، گۇناھىغا توۋا قىلىپ، قىلمىشىنى تولۇق ۋە ئەينەن ئىقرار قىلغانلىقىدەك ئىپادىسىنى، شۇنداقلا دېلونىڭ باشقا كونكرېت تەرەپلىرىنى ئەستايىدىل نەزەرگە ئېلىپ ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە تېگىشلىك جازا ھۆكۈم قىلدى.

1988ـ يىل 12ـ ئايدا يېزىلدى،
2006ـ يىل 8ـ ئايدا تۈزىتىلدى.



# ھاراققا دۇملەنگەن ئەقىل

## مۇقەددىمە

D ناھىيەسى پايانسىز تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە دولان مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى. بۇ خاسىيەتلىك ماكان يەنە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئەۋزەل شارائىتى بىلەن يىراق- يېقىنغا مەشھۇر. ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغان ھەۋەسكارلار قۇم - چۆل مەدەنىيىتى بىلەن بوستانلىق مەدەنىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ مېھرى ئىسسىق، ئۆزگىچە يۇرت توغرىسىدا كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان نادىر ئىجادىيەتلەرنى ياراتقان. بۇ ناھىيەنىڭ يۇقىرىقى ئۆزگىچىلىكلىرى مەركەزلەشكەن J يېزىسىدا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن.

## ئۆچ قېتىم ئالدىم، بەردىم قىلىش

مۇختەر نۇر بىلەن ئايگۈل 1993- يىلى باھاردا توي قىلدى. ئۇ چاغلاردا مۇختەر نۇر دېمەتلىكلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، يۇرت ئىچىدىمۇ ئۆزىنى مەن - مەن دەپ يۈرىدىغان كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئايگۈلمۇ 18 ياشقا كىرگەن، بوي - بەستى، قاش - كۆزلىرى كېلىشكەن، مېھرى ئىسسىق، ئوماققىنە دېھقان قىزى ئىدى . ئۇلار بىر

مەزگىل كۆيۈپ ـ پىشىپ، پىنهانلاردا مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈپ ئاخىر مۇرادىغا يەتتى. ئىككى يىلغىچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تولۇپ تاشقان مۇھەببەت شادلىقى ئىچىدە ئۆتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان شېرىن خاتىرىلەر ئىدى. مۇختەر نۇر ئايگۈلنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى، ئايگۈلمۇ مۇختەردىن بىردەم ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا بولسۇن، يېزا بازىرىغا بارغاندا بولسۇن، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا چىققاندا بولسۇن، بىر ـ بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلالمايتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ شېرىن ـ شېكەر كۈنلىرى كۆز تەگكەندەك تەدرىجىي ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىگە ئاساسلىقى مۇختەر نۇر سەۋەبچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ يېقىندىن بېرى ئۆزىنى مەي ـ شارابقا زىيادە ئۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئايگۈل بۇنىڭدىن نارازى ئىدى، شۇڭا ئۇلار پات ـ پات دە تالاش قىلىشاتتى. مۇختەر نۇر ھاراق ئىچمىسىغۇ بىر گەپ، ھاراققا ئېغىز تەگدىمۇ بولدى، يوقىلاڭ يەردىن باھانە تېپىپ، ئايگۈلنى ئورۇنسىز كۈنلەپ ئۇراتتى. ئايگۈل ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كېتىشتىن باشقا ئىشنى قىلالمايتتى. بۇنداق تالاش ـ تارتىش ئاۋۇپ كەتكەنلىكتىن، توي قىلىپ ئۈچىنچى يىلىغا بارغاندا ئۇلار نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتتى، ئەمدىلەتىن يېشىغا توشقان بىغۇبار قىزىنىڭ يۈزىنىمۇ قىلىشمىدى. ئالدى بىلەن ئايگۈل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورى بىلەن قوشنا كەنتتىكى بىرسى بىلەن توي قىلدى. « سەندىن مەن قالامتىم » دېگەندەك، مۇختەر نۇرمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بىر قىز بىلەن توي قىلدى.

تۇنجى مۇھەببەتنىڭ شېرىنلىكى ئۇلارنىڭ تىلىدا، دىلىدا، تومۇر ـ تومۇرلىرىدا قوترايتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كېيىنكى جورىلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالمىدى. چۈنكى، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئۆچ ئېلىش، بىر ـ بىرىگە قېيداش، بىر ـ بىرىگە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈنلا توي قىلغانىدى. جورىسىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئايگۈل

بىرنەچچە ئايغا بارمايلا بۇ تۇرمۇشقا خاتىمە بەردى. ئۇي ـ خىيالى ئايگۈلنىڭ ماڭغان ـ تۇرغىنىدىلا يۈرگەن مۇختەر نۇر ئايگۈلنىڭ نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىنى ئاڭلاپ، كېيىنكى ئايالى بىلەن تېزلا ئاجراشتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي، كونا قەدىناسلار قايناق ھېسسىياتلار ئىچىدە تېزلا تېپىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئۇچ ـ تۆت ياشلارغا كىرىپ قالغان سەبىي قىزىمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھرىگە قايتا ئېرىشتى.

تۇرمۇش خىلمۇخىل ھادىسىلەر يىغىندىسىدىن تەركىب تاپقىنىدەك، مۇختەر نۇر بىلەن ئايگۈلنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئامراقلىقى ھاياتنىڭ ماھىيىتى ئەمەس ئىدى، ئۇلار ھەقىقىي نىكاھ، ھەقىقىي ئائىلە، بىر ـ بىرىگە ھەقىقىي ئىشىنىشنىڭ نېمىلىكىنى ئازراقمۇ بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار نىكاھ دېگەننى ھاۋايى ـ ھەۋەسنى قاندۇرۇش، ئائىلە دېگەننى تاماق يەيدىغان ۋە ئۇخلايدىغان جاي، ئۆز ئارا ئىشىنىشنى ئەر ـ خوتۇنلار ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەسلىك دەپ چۈشەنسە كېرەك، مۇختەر نۇرنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە ھەققىدىكى ساۋاتلاردىن ئازراقمۇ خەۋىرى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا يېڭى ـ يېڭى « ھۈنەر » لەرنى چىقاردى. ئۇ ئېتىز ـ ئېرىقتىكى ئالدىراش ئىش ـ ئەمگەكلىرىنى تاشلاپ، ھە دېسە ئايگۈلنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى مەخپىي كۆزىتەتتى، ئايگۈلنىڭ بىرەر ئەر بىلەن مۇنداقلا سالام ـ سەھەت قىلىشقىنىنى كۆرسىمۇ كۆنداشلىق ئازابىدا يۈرىكى پۇچىلىناتتى. ئۆزى بىلەن ئۆزى بوغۇلۇپ، ئايگۈلدىن دائىم نارازى بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا دەردىنى ھاراقتىن ئالماقچى بولغاندەك، ھە دېسە قاۋاقخانىغا سوكۇلدايتتى. ئۇ ئۆزىگە ۋە ئايالىغا بەرگەن«ئىككىنچىلەپ ھاراق ئىچمەيمەن » دېگەن ۋەدىسىنىمۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇغانىدى. ئۇ دەردىنى ئالدى بىلەن ھاراقتىن، ئاندىن ئايگۈلدىن ئالاتتى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق نىكاھىمۇ كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

مانا ئەمدى مۇختەر نۇرنىڭ تۇرمۇشىدا هاراقتىن باشقا كۆڭۈل خۇشى قالمىدى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە يېزا بازىرىنىڭ بىر چېتىدىكى تاشيول بويىغا جايلاشقان، دېرىزە ئەينەكلىرىنى قېلىن چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن ھەم قاراڭغۇ، ھەم كىچىك قاۋاقخانىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم مەست بولۇپ قالسا، ئايگۈلنىڭ نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى مەھەللىسىگە چاپاتتى، بەزىدە شۇ يەردىكى ئېرىق بويلىرىدا، دەرەخ تۈۋىدە، چىغىر يوللاردا توپا ـ لايغا مىلىنىپ ئۇخلاپ قالاتتى. بەزىدە بىرنەچچە كۈنگىچە، ھەتتا ھەپتە ـ ھەپتىگىچە نەلەردىدۇر قاڭقىپ يۈرەتتى.

مۇختەر نۇردىن كۆڭلى قالغان ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن بىزار بولاتتى، بولۇپمۇ ياشانغان دادا « جامائەت ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرگۈدەك يۈزۈم قالمىدى » دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتمەكچىمۇ بولاتتى. لېكىن، جاپاكەش ئانا بۇنىڭغا چىدىمايتتى. قۇدىلارنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆچرىشىشى، ئۆزئارا ناماقۇل بولۇشى، چاي قويۇپ كۆڭۈل سورىشى نەتىجىسىدە، 2000 ـ يىلى يىل بېشىدا ئۇلار ئۇچىنچى قېتىم ياراشتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قىزىمۇ بەش ـ ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇلار ناھايىتى تەستە قولاشقان بۇ تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يەتكەندەك قىلاتتى. ئاق كۆڭۈل ئايگۈل ئۆزىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش مۇستەقىل بىر تۇرالغۇغا ئېرىشىشنى ئويلايتتى. ئۇنىڭچە، شۇندىلا مۇختەر نۇر بۇ ئائىلىگە كۆيۈنۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ مۇختەر نۇرغا كىچە ـ كېچىلەپ كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى، ئائىلە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىلانلىرىنى چۈشەندۈردى. مۇختەر نۇرمۇ ئۆزىنىڭ بەختلىك، باياشات بىر ئائىلىسى بولۇشىنى بەكمۇ خالايتتى، شۇڭا ئۆزىنىڭ خاتا يولغا ھەرگىز ماڭمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئايگۈلگە ۋەدە بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان بىرنەچچە مو

تېرىلغۇ يېرىنى ئاتا- ئانىسىنىڭ يېرىدىن ئايرىپ، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر قىلدى. كەنت كومىتېتىغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق ئولتۇراق ئۆيلۈك ھەل قىلدى ۋە ئاددىيغىنە بىر يۇرۇش ئۆي سېلىۋالدى. چوڭلاردىن ئۆي ئايرىپ، خاس ئائىلىگىمۇ ئىگە بولدى.

## كونا خۇي

بەزى كىشىلەر ئۆزى كېچە- كۈندۈز ئارزۇ قىلغان، تەشنا بولغان نەرسىسىگە ئېرىشسە، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۇنى ئاسرايدۇ، پەرۋىش قىلىدۇ، ئۆمۈرۋايەت ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۆزى تەستە ئېرىشكەن قىممەتلىك نەرسىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشىگە ئېرەن قىلمايدۇ، ئۇنى قەدىرلىمەيدۇ، بەختىنىڭ قولىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالىدۇ.

مۇختەر نۇر بىلەن ئايگۈلنىڭ تۇرمۇشىدا ئاچچىق ساۋاقلار ئارقا - ئارقىدىن تەكرارلاندى. ئۇلار ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنسېرى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدى، بولۇپمۇ مۇختەر نۇرنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ھاراق خۇمارلىقى، گۇمانخورلۇقى ئەقىل - ئىدراكىنى خورىتىۋاتاتتى . «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ»، « گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ » دېگەن ماقال- تەمسىللەر خۇددى مۇختەردەكلەر ئۈچۈنلا ئىجاد بولغاندەك قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە، ياشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كونا خۇي - مىجەزىمۇ ئاستا- ئاستا باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىن قاۋاقخانىنى، خوتۇن- بالىلىرىدىن كۆرە ھاراقپۇرۇچ ئولپەتلىرىنى سېغىنىپ تۇراتتى، ھەپتىدە بىرنەچچە كۈن مەيلىنىپ پەيز قىلىۋالمىسا پۇت- قولى تىترەپ، ئاغزى كالۋالىشىپ، مىجەزى ئوساللىشىپ كېتەتتى، ھەر قېتىم ھاراق ئىچسە ئايالىنى

كىملەردىندۇر كۆڭلەپ جېدەل قىلاتتى، قىزىنى يىغلىتىپ، ھەممە ئادەمنى سەسكەندۈرەتتى. ئەلۋەتتە، ھاراقنى ھېچكىم بىكارغا بەرمەيتتى. ئۇ ئۆيىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھاراققا تېگىشىپ تۈگەتتى، ئۆيىنىڭ ئىچى ئاستا ـ ئاستا «تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ» غا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قالغان ئايگۈل كۆڭلەرنى لېۋىنى چىشلەپ، چىداپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

## خوتۇننى دۇمبالاش

2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، يەنى چاغاننىڭ 2 ـ كۈنى مۇختەر نۇر كىمدۇر بىرسىدىن چاغان ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، بىرنەچچە ئۇلپىتى بىلەن تېپىشتى ـ دە، ئۇدۇل قاۋاقخانىغا چاپتى. ئۇلار بىرنەچچە سورۇنغا يۆتكىلىپ چىلاشقۇدەك ئىچىشتى. سورۇن ئاخىرلاشقاندا، ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆككەنىدى. مۇختەر نۇر يولنىڭ ھەممە يېرىدە تەڭ مېڭىپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ يۈرۈپ ئاخىر ئۆيگە يېتىپ كەلدى ، كېسەل توخۇدەك بوينىنى ساڭگىلىتىپ بىردەم ئولتۇردى، بىردەمدىن كېيىن يانغا قىڭغايدى ـ دە، خورەككە چۈشتى. لەڭمەنگە تەييارلىق قىلىپ ئولتۇرغان ئايگۈل ئۇنى ئاستا مىدىرلىتىپ ئويغىتىپ، تاماق يېيىشنى ئېيتتى. مۇختەر نۇر ئاران بېشىنى كۆتۈردى، بىر قاچا ئاشنىڭ يېرىمىنى ئاغزىغا، يېرىمىنى ئىشتان ـ كۆڭلەكلىرىگە تۆكۈپ يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاچ قورساق ھاراق ئىچكەن تېنىگە ئازراق ماغدۇر كىردى، ئۇ چاپىقىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ :

ــ ئۆيگە بايام كىم كەلدى؟ ــ دېدى ئايگۈلگە.

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن سەل مەڭدەپ قالغان ئايگۈل بۇگۈن يەنە بىرەر جېدەل چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىمكان بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بەردى :

— ھېچكىم.

— ھېچكىم كەلمىدى دادا، — دەپ جاۋاب بەردى يەتتە ياشلىق قىزى تۇرسۇنگۇلمۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ. قىزنىڭ تېنى شامالدا قالغان ياپراقتەك تىترەيتتى، بۇ تىترەك دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر مەيدان قورقۇنچلۇق ئۇرۇش- جېدەل بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرگەنلىكتىن بولۇۋاتاتتى.

— ھېچكىم كەلمىدى؟ ئۇنداق بولسا دەرۋازا ئالدىدىكى ئاياغ ئىزى كىمنىڭ، جاۋاب بەرمەمسەن، زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالدىمۇ، راست گەپ قىلە، بايا كىم بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلدىڭ؟

— مۇختەرجان، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ئايگۈل جاۋاب بېرىپ بولغۇچە مۇختەر ئوچاق ئالدىدىكى يېرىندى ئوتۇندىن بىرنى قولىغا ئېلىپ، تەييارلىقسىز ئولتۇرغان ئايگۈلنىڭ بېشىغا « ۋاق » قىلىپ بىرنى سالدى. ئايگۈلنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پالاقشىدە يىقىلدى. بازاردا بىر كۈن ئىچىلگەن ھاراق مانا ئەمدى كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. مۇختەر ئايگۈلنى دۇمبالاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى يەڭدەك چوڭلۇقتىكى جىگدە كۆتىكى ئايگۈلنىڭ بەل، دۇمبە، يوتا قاتارلىق جايلىرىغا ھەر قېتىم تەگكەندە، ئايگۈلنىڭ ئاجىز بەدىنى سىلكىنەتتى ۋە تارتىشىپ كېتەتتى. نېمە قىلىشنى بىلمەي بوقۇلداپ يىغلاپ ئازابلىنىۋاتقان قىزى تۇرسۇنگۇل يا دادىسىغا ئېسىلىپ يالۋۇرۇشنى، يا سىرتقا چىقىپ ئادەم توۋلاشنى بىلەلمەي « ۋاي ئانا، جېنىم ئانا! » دەپ پەرياد چېكەتتى.

ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇختەر نۇر ھېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، بىر چاغدا ئايگۈلنى دۇمبالاشتىن توختاپ، راسا تىللىغاندىن كېيىن، سۇپىنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ قولاشمىغان قولىرى بىلەن موخوركا ئوراپ چېكىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدىن غەيرەتلەنگەن ئايگۈل ئورنىدىن تەستە قوپۇپ، دەلدۇگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ چىققان مۇختەر نۇر:

— ۋۇ قانجۇق، مەندىن يۇز ئۆرۈپ نەگە بارماقچىدىڭ؟ — دېدى ئايگۈلنىڭ چېچىدىن قاماللاپ.

— ئا...... ئانامنىڭ...... ئۆيىگە......

— نېمە؟ ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق، سەن جالاپنى ئاۋۋال ئاتا-ئانامنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ رەسۋاچىلىقلىرىڭنى ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئاندىن ھەيدەيمەن، ماڭە بۇياققا.

مۇختەر نۇر تاياق ئازابىدىن ھېچبىر مادارى قالمىغان ئايگۈلنى بىردەم گەدىنىدىن ئىتتىرسە، بىردەم قولىدىن سۆرەيتتى. ئايگۈل ئاخىر بولالماي يىقىلدى. مۇختەر نۇر ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا زورلاپ، ئۇنىڭ بەل، ساغرا قىسىملىرىغا تېپىپ دەسسەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە بولدى قىلماي، شۇ ئەتراپتىكى بىر تۇپ تېرەكنىڭ شېخىنى ئوشتۇپ كېلىپ، ئايگۈلنى يەنە بىرھازا ئۇردى. ئايگۈلدىن ھېچقانداق ئىنكاس چىقمىغاندىن كېيىنلا، ئۇ ئايگۈلنىڭ قانغا بويالغان جىسمىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىردى.

## پۇشايمانغا قاچا يوق

كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئادەم ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ، سەۋەنلىكلەرنىڭ كىشىگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ئۆزى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك، خاتالىقلارنى بىر ئۆمۈر ئۆزىگە ئاچچىق ساۋاق قىلىپ، قايتا سادىر قىلمايدۇ. يەنە بەزى ئەقىلسىز، ھاماقەتلەر سەۋەنلىكلەرگە ئارقا- ئارقىدىن يول قويىۋېرىدۇ. ئاقىۋەتتە، بۇ سەۋەنلىكلەر ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز جىنايەتكە ئايلىنىپ، ئادەمنى چوڭقۇر ئازابقا، مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قويىدۇ. پۇشايمان كىشىنىڭ جىسمانىيىتىنى زەخىملەندۈرمىسىمۇ ۋىجدانىنى، يۈرىكىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، روھىنى

ئازابلايدۇ. بۇ خىل ئازابنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ تەپەككۇرى، جىسمانىيىتىمۇ ئاستا ـ ئاستا چىرىپ تۈگەيدۇ. مانا بۇ سەۋەنلىكنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى.

مۇختەر نۇر ئايگۈلنى ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە يوتقاننى پەم بىلەن يېپىپ قويدى. ئۇ مەستلىكتىن تېخىچە يېشىلمىگەن بولۇپ، كۆڭلىدە «ئايگۈلنى ئۇخلاپ قالغان بولۇشى ياكى ھوشىدىن كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلايتتى. تۇرسۇنگۈلنىڭ تولا يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. مۇختەر تۇرسۇنگۈلنى ئۇخلاشقا بۇيرۇدى. قورقۇپ كەتكەن بۇ ناتىۋان قىز ئۈن ـ تىنسىز ئورنىغا كىرىپ ياتتى، يوتقاندىمۇ پات ـ پات « خىرت ـ خىرت» قىلىپ ئىسەدەيتتى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى.

ئۆزىنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىنى، ئاخشام مەستلىكىدە نېمە شۇملۇقلارنى قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەن مۇختەر نۇر قورۇپ گەز باغلاپ كەتكەن كانىيىنى شۆلگىيى بىلەن نەمدىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى قاباھەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، چۈنكى ئايگۈل سۇپىدىن يەرگە يىقىلىپ، قان ۋە توپا ئىچىدە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتاتتى. « ئۇ ئۆزى يىقىلىپ چۈشكەنمىدۇ ياكى مەن كەيپىلىكتە ئۇنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەندىمەنمۇ؟ » مۇختەر نۇر شۇلارنى ئويلاپ ئازراق گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تېز ـ تېز كىيىپ سۇپىدىن چۈشۈپ، ئايالىنى كۆتۈرۈپ سۇپىغا ئالدى، سىلكىپ مىدىرلاتقاچ ئىسمىنى قايتا ـ قايتا تووۋلىدى. ئايگۈل بولسا ھېچقانداق ئىنكاسسىز، ساداسىز ياتاتتى.

ئۆزىنىڭ ئاخشامقى ياۋۇزلۇقلىرى كۆز ئالدىدا غىل ـ پال زاھىر بولۇپ ئۆتكەن مۇختەر نۇرنىڭ بىردىنلا يۈرىكى ئېغىپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى : « توغرا، ئاخشام مەن ئۇنى ئۇرغاندەك قىلىۋاتاتتىم، ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟ مەن نېمە قىلىپ قويدۇم ؟ ئۇ

راستتىنلا ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ئەجەبا مەن ئۆز ئايالىمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇممۇ ؟ ئاھ خۇدا ! » مۇختەر نۇر بۇ ئىشلارنىڭ راستتىنلا بولۇپ ئۆتكىنىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي گاڭگىرايتتى. بىراق، يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان تىراگېدىيە يۈز بېرىپ بولغانىدى. ئۇ ئايالىنى دۇمبالىغان قولىنى قاتتىق چىشلەيتتى، ھاراق ئىچكەن ئاغزىغا غەزەپ بىلەن كاچاتلايتتى، ئەمما نېمىلا قىلسۇن، كۆز ئالدىدىكى بۇ شەپقەتسىز رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. قاچانلاردىدۇر ئۇخلاپ قالغان تۇرسۇنگۈل چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ قورقۇنچلۇق ھالىتىنى كۆردى ـ دە، قورقۇنچتىن ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. چوڭ ئانا، چوڭ دادىسى تۇرسۇنگۈلنىڭ ئېسەدەپ تۇرۇپ يېرىم ـ يارتا قىلغان گەپلىرىدىن، شۇملۇقنى تۇيدى ـ دە، دەرھال ئايگۈلنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. چوڭلار، ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە مۇختەر نۇر پېشانىسىنى قاماللىغىنىچە چاترىقىغا قاراپ زوڭ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىنى كۆرگەن ئادەم ئاخشامقى قاۋاندەك ئەپتىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

قانۇن دوختۇرى ئايگۈلنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرۈپ : «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىسىز ئەسۋابنىڭ زەربىسىدىن ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك زەخىملەنگەن، مېڭىگە قان چۈشۈپ توقۇلمىلار ئېغىر زەخىملەنگەنلىكتىن، مېڭە ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ ئۆلگەن» دەپ يەكۈن چىقاردى.

جاۋابكار مۇختەر نۇر D ناھىيەلىك تۈرمىدە ئۇزاققا سوزۇلغان مۇدھىش كېچىلەرنى ۋەھىمە ئىچىدە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزلىرى ئۇيقۇغا ئىلىنىسىلا، قالايمىقان ئوي-خىيال بىلەن ۋەھىمىلىك چۈش ئۇنى قىينايتتى. ئۇ چۈشىدە ئايالىنى چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى غەزەپ بىلەن چەكچەيگەن، ئىككى قولىنى گېلىدىن قاتتىق بوغىدىغاندەكلا ئۆزىگە قاراپ سوزۇۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆندەرەپ قوپۇپ

كېتەتتى ۋە قايسىدۇر بىر ئايەتنى شىۋىرلايتتى، كەيپىياتى سەل ئوڭشالغاندا بولسا، ئەينى ۋاقىتتا ئىشق ـ پىراقىدا سەۋدايى بولۇپ يۈرگەن، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك جورىسىنى چوڭقۇر سېغىنىش ۋە جۇدالىق ئازابى ئىچىدە ئەسلەپ كۆز يېشى قىلاتتى. مانا ھازىر ئۇ شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىكى، ئۇنىڭ ئايالى ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان، ھېچقانداق نۇقسانى يوق پەرىشتە سۈپەت، ئالىيجاناب، ۋاپادار مەھبۇب ئىدى. ھەي، شۇ لەنىتى ھاراق!

مۇختەر نۇر بەزىدە بىراقلا ئۆلۈپ تۈگىشىپ كېتىشنى، قەدىردان ئايالىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ گۇناھىنى تىلەشنى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن يەنە بىر تۇرۇپ ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ، بۇ خىيالىدىن يالتىيىپ قالاتتى.

## يەنە بىر تەقدىر

2002 ـ يىل11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جاۋابكار مۇختەر نۇر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن سوتقا تارتىلدى، سوت زالى چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار بىلەن لىق تولغانىدى. مۇختەر نۇر ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن ئۆتكۈزگەن بەختلىك ئائىلە تارىخىنى، جىنايى قىلمىشى ھەققىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى، ئۇنىڭ ئائىلىسى تەرىپىدىن ۋە مەرھۇم ئايگۈلنىڭ ئائىلىسى تەرىپىدىن كەلگەنلەر سوت زالىدا ئىككى چەت بولۇپ ئولتۇرۇپ، سوتنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتاتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شۇ تاپتىكى ئوي ـ پىكرى ۋە سوتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بولغان ھېسسىياتى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. كېڭەشمە سوت مۇنداق قارار قىلدى :

جاۋابكار مۇختەر نۇر دۆلەت قانۇنىنى ۋە باشقىلارنىڭ

جىسمانىي ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقىنى كۆزگە ئىلماي، بىگۇناھ ئايالى ئايگۈلنىڭ پەزىلىتىدىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، ئايگۈلنى كالتەك بىلەن كۆپ قېتىم، كۆپ جايلىرىغا ئۇرۇپ زەخىملەندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. ئۇنىڭ قىلمىشىدىن قەستەن زەخىملەندۇرۇش (ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولۇش) جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. جاۋابكار قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، جىنايىتىنى تولۇق ۋە ئەينەن تاپشۇرۇشتىكى ئىپادىسى ياخشى بولغانلىقى ۋە دېلونىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى......

شۇنداق، جىنايەتچى مۇختەر نۇر ئەمدى مەڭگۈ تۈرمىدە ياتىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ھايۋان دېسە ھايۋان ئەمەس بىر مەخلۇق بولۇپ قالغانلىقىدىن چوڭقۇر ئۆكۈنۈپ پۇشايمان قىلىدۇ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئازابلىق پۇشايمان ئۇنى ھەر كۈنى ئازابلايدۇ......

2002ـ يىل 11ـ ئايدا يېزىلدى،
2006ـيىل9ـ ئايدا تۈزىتىلدى.

# قۇمغا چۈشكەن شىشخال

ھاياتلىق سەپىرىدە ئادەم تۈرلۈك ـ تۈمەن تاسادىپىيلىقلارغا يولۇقىدۇ. بۇ تاسادىپىيلىقلارنىڭ بەزىلىرى كىشىنى سۆيۈندۈرسە، يەنە بەزىلىرى كىشىنى زور ئىقتىسادىي، مەنىۋى زىيانغا، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز ئېغىر پۇشايمانغا دۇچار قىلىدۇ. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا تاسادىپىي خۇشاللىقلارغا ئېرىشىشنى، تاسادىپىي ئازابلاردىن نېرى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىزۇ، كۆپىنچىمىز ئىشتىن ئاۋۋال نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى دېيىشنىڭ توغرا؛ نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى دېيىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلانمايمىز. بىزنىڭ بىخۇدلۇق ئىچىدە باسقان ھەربىر قەدىمىمىز، ھەربىر ئېغىز گېپىمىزمۇ بەزىدە ئۆزىمىز تېخى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈرەلمەيدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

كىبىر مەمەت 40 ياشقا قەدەم قويغان، بىر ئوبدان بەختلىك ئائىلىسى، ئامراق خوتۇن ـ بالىلىرى بار ئەر ئىدى. ئۇ L ناھىيەسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىن بولۇپ، 2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 3 لەردە يېزىلىق توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا توك پۇلى تۆلەشكە كېتىۋېتىپ، توساتتىن يول بويىدىكى بىر سۆگەتلىكتە بىر توپ ئادەمنىڭ بىر يەرگە ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا قىزىقىپ، موتوسىكلىتىنى يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىردى.

ئەسلىدە بۇ يەردە قوشنا كەنتتىكى 7 ــ 8 ئادەم شىشىخال ئارقىلىق قىمار ئويناۋاتاتتى. كىبىر مەمەت بۇلارنى كۆرۈپ ئىككىلەنمەيلا قىمارۋازلار توپىغا قوشۇلدى. قىمار جىددىي داۋاملىشىۋاتاتتى، شىشىخال ئېتىش نۆۋىتى تۇرسۇن ئوبۇلغا كەلگەندە، كىبىر مەمەت قولىدىكى پۇلدىن سانىمايلا بىر تۇتام ئايرىپ، تاۋاكاغا تاشلاپ دو تىكتى. تۇرسۇن ئوبۇلمۇ بۇ پۇلغا «بار !» دەپلا شىشىخالنى تاۋاكاغا تاشلىغانىدى، بىر تال شىشىخال دومىلاپ بېرىپ تاۋاكانىڭ سىرتىدىكى قۇمغا چۈشۈپ، تۇرسۇن ئوبۇلنىڭ ئۇتۇشىغا دەسسەپ قالدى. تۇرسۇن ئوبۇل چاققانلىق بىلەن تاۋاكادىكى پۇلنى ئېلىشىغا، كىبىر مەمەت ئۇنىڭغا :

ــ سەن شىشىخالنى قۇمغا ئېتىپ كەلتۈرۈپ قويدۇڭ، بۇ ھېساب ئەمەس، مەن ساڭا 150 يۈەن دو تىككەن، پۇلنى قايتۇرۇپ بەر ــ دېدى. سورۇندىكىلەر كىبىر مەمەتكە :

ــ شىشىخال كېپقالدى، سەن پۇلنى بەرمىسەڭ بولمايدۇ، ــ دېدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇرسۇن ئوبۇلنىڭ ئۇلپەتلىرى ياكى كەنتداشلىرى بولغاچقا، قەستەن تۇرسۇن ئوبۇلغا يان بېسىۋاتاتتى. كىبىر مەمەت توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا ئۆتكۈزىدىغان پۇلنى قاراپ تۇرۇپ تارتقۇزۇپ قويۇشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپ :

ــ پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بېرەمسەن ـ يوق؟ ــ دەپ بىر مۇشت ئۇرۇپ تۇرسۇن ئوبۇلنىڭ بۇرنىنى ئۇرۇپ قانىتىۋەتتى. تۇرسۇن ئوبۇلمۇ كۆپ سورۇن كۆرگەن، ئالدىراپ بىرەرسىدىن يانمايدىغان كىشى بولغاچقا، كىبىر مەمەتنىڭ سول قاپىقىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. كىبىر مەمەت ئۇنىڭ يۈز قىسمىغا بىرنى ئۇسۇدى، تۇرسۇن ئوبۇل كىبىر مەمەتنىڭ بۇرنىغا مۇشت بىلەن يەنە بىرنى ئۇرۇپلا، يۈگۈرۈپ بېرىپ يول بويىدىكى سۆگەتتىن بىر تال شاخنى سۇندۇرۇۋېلىپ

كالتەك ياسىدىيۇ، شۇ جايدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ تېمىنىڭ يېنىغا كالتەكنى تاشلىۋەتتى. كىبىر مەمەت قىمار سورۇنىدا تۇرۇپ:

— مەن قانداق قىلسام قىلىپ، سەندىن 150 يۈەن پۇلۇمنى ئالماي قويمايمەن، پۇلنى بەرمىسەڭ خوتۇنۇڭنى ئالغاچ كەل! — دەپ تىللىدى. تۇرسۇن ئوبۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا يېنىپ پىششىق خش پارچىسى ۋە بايا ئۆزى تاشلىۋەتكەن كالتەكنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ كەلگەنچە كىبىر مەمەتنىڭ بويۇن قاتارلىق جايلىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچىنى ئۇرۇۋەتتى. كىبىر مەمەتنىڭ باش ـ كۆزى يېرىلىپ قانغا بويالدى. ئۇ ئاچچىقىدا يېنىدىكى پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، تۇرسۇن ئوبۇلغا قالايمىقان شىلتىشقا باشلىدى. پىچاق تۇرسۇن ئوبۇلنىڭ ئوڭ تاغاق، بىلەك، سول يوتا، سول پاچاق قاتارلىق جايلىرىغا تېگىلدى. تۇرسۇن ئوبۇل ئۆيى تەرەپكە قاچقاندا، كىبىر مەمەت يەنىلا بولدى قىلماي، ئۇنى قوغلاپ ماڭدى. باشقىلار نەسىھەت قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. بۇ چاغدا تۇرسۇن ئوبۇل نەق مەيداندىن 30 نەچچە مېتىر يىراقلىققا بېرىپ قانسىراپ يىقىلدى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كېلىپ ئۇنى يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، ئۇ شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتتى. كىبىر مەمەت بىر خۇسۇسىي دوختۇرغا زەخمىسىنى تاڭدۇرغاندىن كېيىن، كېچىلەپ قېچىپ قوشنا ناھىيەدىكى بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، ئىككى كۈندىن كېيىن شۇ يەردە قولغا چۈشتى.

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مەزكۇر دېلونىڭ جىنايى ئىشلار قىسمى بىلەن قوشۇمچە ھەق تەلەپ قىسمىنى بىرلەشتۇرۇپ ئوچۇق سوت قىلىپ : جاۋابكار كىبىر مەمەتنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشىدىن قەستەن زەخمىلەندۈرۈش ( ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولۇش ) جىنايىتى شەكىللىنىدۇ، ئۇنىڭ

جىنايىتى ئېغىر، جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان تەسىرى يامان. بۇ دېلودا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ كەينىگە يېنىپ كېلىپ جاۋابكارنى قاتتىق ئۇرغانلىقىدەك ھەرىكىتى مۇھىم سەۋەب بولغان. جاۋابكارغا جازا ئۆلچىگەندە بۇ تەرەپنى ۋە دېلونىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىشقا تېگىشلىك. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئائىلىسىنىڭ قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋا تەلىپىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان قىسمىنى قانۇن بويىچە قوللاش كېرەك دەپ قاراپ، قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، جاۋابكار كىبىر مەمەتكە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا، قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋاگەرنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن 85 مىڭ 175 يۈەن تۆلىتىپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلغانىدى. تەرەپلەر بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولۇپ نارازىلىق ئەرز بەرمىگەچكە، 1- سوت ھۆكمى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولدى.

بۇ دېلوغا نۇرغۇنلىغان كۆز يېشى ۋە ئازابلىق، ئاچچىق ساۋاقلار سىڭىپ كەتكەن. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قاتارلىق قىمار مەستانىلىرى شۇ قىمارنى ئۇيۇشتۇرمىغان بولسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تۇرسۇن ئوبۇل قايتىپ كېلىپ جاۋابكارنى ئۇرۇپ جېدەلنى قايتا قوزغىمىغان بولسا، جاۋابكار كىبىر مەمەت ئۆز يولىغا كېتىۋەرگەن ۋە 150 يۈەننىڭ مېھرىدىن كەچكەن بولسا، تۇرسۇن ئوبۇلنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆز- ھەرىكەتلەرنى قىلمىغان بولسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تۇرسۇن ئوبۇلمۇ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمىگەن، جاۋابكار كىبىر مەمەتمۇ تۈرمىگە ئۆمۈرلۈك بەند قىلىنمىغان، ئىككى تەرەپنىڭ گۈلدەك ئائىلىسىمۇ خانىۋەيران بولمىغان، باللار يېتىم، ئاياللار تۇل، ئاتا- ئانىلار نادامەتتە قالمىغان

بولاتتى.

جەمئىيىتىمىزدە قىماردىن ئىبارەت پارازىت بىھۇدە زىيانلارنىڭ كۆرۈلۈشىگە، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە بىۋاسىتە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، قىمارۋازلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يۇقۇملۇق مىكروبنىڭ ھۇجۇمىدىن ھەر مىنۇت ھوشيار تۇرۇپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى قوغدىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى قەدىرلىشىمىز لازىم.

2006- يىل 5- ئاي



# باي بولۇش چۈشى

باي بولۇشنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ كىشى بولمىسا كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ھالال ئەمگىكى، تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىپ باي بولغانلار، باي بولۇۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن، رىقابەتلىشىش تۇيغۇسى ئاجىز، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن، ئەمگەكنى ياقتۇرمايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر « قوي باقماي پاقلان يېسەم، ئىش قىلماي ئاق نان يېسەم » دەپ، كۈن بويى «بەخت قۇشى» نىڭ بىر كېچىدىلا بېشىغا قونۇشىنى چۈشەپ يۈرمەكتە. بۇنداق چۈش ئابلىز كېرىمنى يىرگىنىشلىك «ئوغرى » دېگەن ئاتاققا قويدى.

ئابلىز كېرىم S ناھىيەسىنىڭ بازىرىغا يېقىن يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىناس ئايالى، ئىككى پەرزەنتى ۋە ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغان ئوماق بىر نەۋرىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى ئانچە باياشات بولمىسىمۇ، بالا - چاقىلىرى ھەر ھالدا ئاچ- يالىڭاچمۇ قالمايتتى. ئۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئارىسال پەيتلەردە ئۇنىڭ- بۇنىڭ ئىش- ئەمگەكلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ، ئانچە- مۇنچە پۇل تېپىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەتراپىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ باي بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بالدۇرراق باي بولۇشنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى پات - پات كۆرۈپ ھوزۇرلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

2003 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇ كۈيئوغلىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشىغا ياردەملىشىش جەريانىدا، كۈيئوغلىنىڭ ئىنىسى ئەخمەتجاننىڭ بانكىدا نەچچە ئونمىڭ يۈەن پۇلى بارلىقىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى: « ئەجەبا مەن بىر ئۆمۈر ئىت ـ ئېشەكتەك ئىشلەپمۇ قولۇم تۇزۇك پۇل كۆرمىدى. تۇۋا، ئەمدىلا 20 نەچچە ياشقا كىرگەن بىر سويمىنىڭ بىردەمدە شۇنچىۋالا باي بولۇپ كەتكىنىنى! پۇلدارلارغۇ هارامدىن يانمايدۇ، كىشىنىڭ هەققىدىن قورقمايدۇ. توختا، مەنمۇ بىرەر قېتىم...... »

ئۇ مانا مۇشۇنداق ئىزتىراپلىق ئوي ـ خىيالنىڭ تۇرتكىسىدە ئاخىر « قول سېلىش » قارارىغا كەلدى ۋە پۇرسەت كۈتۈپ يۈردى.

ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ۋە قان ـ تەر بەدىلىگە يارىشا، تېرىغان كېۋەزلىرى بۇ يىلمۇ ئوبدان ئوخشىدى، يەنە كېلىپ كېۋەزنىڭ سېتىۋېلىنىش باهاسىمۇ ئۆتكەن هەرقانداق يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ هەممىسى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، كېۋەزلىككە سەهەردە بىر چىقىپ كەتسە، ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلەتتى، كۈندۈزى ئۆيدە هېچكىم قالمايتتى. بۇ ئابلىز كېرىم ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى.

2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چىڭقىچۈش مەزگىلى، مەهەللىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئېتىزلىقتا كەتكەن، مەهەللىدە قالغانلىرىمۇ چۈشلۈك ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ، مەهەللە كوچىلىرىدا بىرەرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئابلىز كېرىم خۇددى ئوغرىمۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ، ئەخمەتجاننىڭ ئۆيى ئەتراپىدا پەيدا بولدى ۋە تۆت ئەتراپقا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، غىپپىدە

تامدىن ئارتىلىپ هويلىغا چۈشتى، ئاندىن ئۆيىنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ، ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى چامادانغا چۈشتى- دە، چامادانىنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ ئېچىپ ئىچىدىكى بىر كارتىنى قولىغا ئالدى. بۇ ئەسلىدە ئەخمەتجاننىڭ قۇرۇلۇش بانكىسىدا ئامانەت قويغان نەق پۇل ئامانەت كارتىسى ئىدى. ئابلىز كېرىم نەق پۇلغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا نەق پۇل كارتىسى ۋە ئۇنىڭ مەخپىي نومۇرى خاتىرىلەنگەن ئىككىلىك باغاقچىنى يانچۇقىغا مەھكەم سېلىپ، بايا كىرگەن جايى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل S ناھىيەلىك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مەلۇم تارمىقىغا بېرىپ ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىغا كارتىنى كىرگۈزۈپ، ئاندىن ھېلىقى مەخپىي نومۇرنى بېسىشى بىلەن تەڭ ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ كىچىككىنە ئاغزىدىن خۇددى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەكنىڭكىدەك، 100 يۈەنلىك پۇللار توختىماي تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، بەئەينى غايىبتىن بىر سېھىرلىك خەزىنىگە يولۇققان ئادەمدەك ھاياجان ئىچىدە چاڭگىلىدىكى پۇللارنى پۇرلەپ- پۇرلەپ قويىنىغا تىقىپ، ئارقىدىن بىراۋلار قوغلاۋاتقاندەك تېز - تېز مېڭىپ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئىشىك- دېرىزىلىرىنى مەھكەم تاقىۋېتىپ پۇلنى سانىۋىدى، 21 مىڭ 200 يۈەن چىقتى. ئۇ بۇ پۇللارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى كۆپ ئويلاپ، ئاخىر ناھايىتى ياخشى بىر ئەقىل تاپتى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئەسلىدە قوشنا ۋىلايەتنىڭ مەلۇم ناھىيەسىدىن بولۇپ، بىرنەچچە يىلدىن بېرى قېيىنئاتا- قېيىنئانىسىنى يوقلاپ كېلىشكە چىقالماي كەلگەنىدى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەم ئۇلارنى

يوقلاش، ھەم كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن بىر مەزگىل ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن خوتۇنىنى ۋە ھېلىقى « ئولجا » نى ئېلىپ ئەتىسى ئەتىگەندىلا قوشنا ۋىلايەتكە قاراپ يولغا چىقتى.

بىر كۈنلۈك ئىغىر ئەمگەكتىن قايتىپ كەلگەن ئەخمەتجان ئۆيگە كىلىپلا ئۆي ئىچىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى، پۇل كارتىسىنى سىلىپ قويغان چامادان ئاغزىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كارتىنىڭ ئوغرىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ۋە دەرھال ساقچىخانىغا بېرىپ دىلو مەلۇم قىلدى.


ساقچىلار مۇئەييەن دائىرىدە تەكشۈرۈشنى باشلىدى. گۇمان ناھايىتى تېزلا ئابلىز كىرىمگە مەركەزلەشتى. ئۇلار گۇماندارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئىز قوغلاپ ئۇنى يوشۇرۇنۇۋالغان جايىدىن قولغا چۈشۈردى، ئوغرىلانغان ھېلىقى پۇل تولۇقى بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى.

S ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكار ئابلىز كىرىمنىڭ ئوغرىلىق دىلوسىنى ئوچۇق سوت قىلىپ، ئۇنى دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 264 ـ ماددا، 2 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن مۇددەتلىك يەتتە يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 1000 يۈەن جەرىمانە قويۇشقا ھۆكۈم قىلدى. جاۋابكار بېرىلگەن جازاغا قايىل بولماي، نارازىلىق ئەرز بەرگەن بولسىمۇ، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2 ـ سوت تەرتىپى بويىچە تەكشۈرۈپ، ئەسلىي سوتنىڭ دىلو پاكىتى ۋە خاراكتېرىنى بېكىتىشى توغرا، قانۇن ماددىلىرىنى تەتبىقلاپ جازا ئۆلچىشى مۇۋاپىق، سوت قىلىش تەرتىپى قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان دەپ قاراپ، دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 189ـ ماددا 1ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىسىگە

ئاساسەن جاۋابكارنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىپ، ئەسلىي هۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلىش توغرىسىدا كېسىم چىقاردى.

جاۋابكار ئابلىز كېرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ئۈمىدىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوققا چىققاندى. ئۇ ئاخىر ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ هېلىقى تۈيۈقسىز بېيىپ كېتىشتەك شېرىن چۈشىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى هەر قېتىم خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە، چوڭقۇر پۇشايمان ئازابىغا غەرق بولاتتى.

2004- يىل دېكابىر



# ھاراقكەشنىڭ ھالاكىتى

ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، كۆپنى كۆرگەن مۆتىۋەر چوڭلىرىمىز بىزگە دائىم ھاراقنىڭ ھارام ئىكەنلىكى توغرىسىدا پەند ـ نەسىھەتلەرنى قىلىپ تۇرىدۇ. ھاراقنى زىيادە كۆپ ئىچىش سالامەتلىككە زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىخەتەرلىككىمۇ زىيانلىق. ھاراقكەشلىك سەۋەبىدىن جىنىدىن ئايرىلىۋاتقان، باشقىلارنىڭ جىنىغا زامىن بولۇۋاتقان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇۋاتقان مىساللار ئەتراپىمىزدا ئاز ئەمەس، بىز ھەر قېتىم بۇنداق ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگىنىمىزدە تېنىمىز بىر قېتىم شۈركۈنەي قالىدۇ، شۇنداقتىمۇ بەزى چاغلاردا ئۇنىڭغا يەمچۈك بولۇپ كېتىمىز.

2007 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھاۋا ئىللىپ، ئەركە سابا پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا يېڭى ھاياتلىق ئۈمىدىنى ئاتا قىلغانىدى. مۇسا ھېيت ئابدۇرېشىت ۋە بىرنەچچە ئۈلپىتى بىلەن Q شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرسىگە جايلاشقان مەلۇم مەيخانىغا جەم بولۇشۇپ، بىردەم ـ يېرىمدەم كۆڭۈل ئېچىشماقچى بولۇشتى. كىملەرنىڭدۇر تېلېفون ئارقىلىق «ئىسقىرتىش» ى بىلەن، ھايال ئۆتمەيلا بىر نەچچە «تومۇچۇق» سورۇنغا ھازىر بولۇشتى. ئۇلار دەسلەپتە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قىزغىن پاراڭلارنى سېلىشتى، تونۇشمايدىغانلار ئۆز ئارا تونۇشتى، ئاندىن قىزىق ـ قىزىق يۇمۇر، چاقچاقلارنى قىلىشتى. رومكا بىرنەچچە نۆۋەتتىن ئايلانغاندىن كېيىن، قېلىن ـ قاتتىق يۇمۇرلارمۇ سورۇننى بىر پەس ئەۋجىگە كۆتۈردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە

بىرنەچچە بوتۇلكىنىڭ يېنى يەرگە تەگدى. كىچىككىنە ئايرىمخانا قالايمىقانلىشىشقا باشلىدى، بەزىلەر كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ-جارقىرىسا، بەزىلەر ئالدىدىكى قورۇما شىرەسىگە بېشىنى قويۇپ خورەككە چۈشكەندى، يەنە بەزىلەر شىركەيپچىلىكتە قىزلارغا قەلبىنى چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. شۇ ئارىلىقتا سورۇنغا ھەممىدىن باشتا كەلگەن ئابدۇقېيۇم مۇلازىمەت پەشتاختىسى ئالدىغا كېلىپ قاۋاقخانا خوجايىنى ئەكرەم ۋە باشقا مۇلازىملار بىلەن نېمىلەرنىدۇر تالىشىپ تاكاللاشقىلى تۇردى. بۇچاغدا خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان مۇسا ھېيت كېلىپ ئابدۇقېيۇم بىلەن گەپ تەگىشىپ جېدەللىشىپ قالدى ۋە قولىغا پىچاق ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوڭ- تەتۈر شىلتىشقا باشلىدى. سورۇندىن قايتىپ چىققان ئابدۇرېشىت ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھاي دېمەكچى بولۇپ:

— ھەي مۇسا، بىر چىرايلىق سورۇننى بۇزۇپ نېمانداق قىلىسەن؟ يۈرە، كىرىپ كېتىمىز، — دېدى ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىدىن تارتىپ. باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئەقىل - ھوشى خېلى جايىدا ئىدى، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالغان مۇسا ھېيت بىر يۇلقۇنۇپلا ئۇنىڭدىن قولىنى ئاجراتتى ۋە ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ :

— نېمە دەيسەن؟ يانە كەينىڭگە، — دەپلا قولىدىكى پىچاقنى ئابدۇرېشىتنىڭ ئوڭ يوتىسىغا تىقىۋەتتى. ئابدۇرېشىتنىڭ « ۋايجان، ماڭا پىچاق تىقىۋەتتى » دەپ تووۋلىشى بىلەن قاۋاقخانا ئىچى قالايمىقانلىشىپ، قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. خېرىدارلارنىڭ بەزىلىرى ئالدى- كەينىگە قارىماي قېچىشسا، بەزىلىرى نەلەرگىدۇر مۆكۈنۈۋېلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشتى. ئابدۇرېشىتنىڭ يوتىسىدىن ئوقتەك قان چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇسا ھېيت سەل ھوشىنى يىغقاندەك بولدى- دە، قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ « غىپ» پىدە تىكىۋەتتى. ئابدۇرېشىتنى بىرنەچچە دوستلىرى يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشتى.

ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. دوختۇرلار جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئابدۇرېشىتنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن جىددىي قۇتقۇزۇش، داۋالاش، قان سېلىش، ئوزۇقلىنىش، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكى كېسەل باققۇچىلارنىڭ ئىشتىن قېلىش، كىرا چىقىمى قاتارلىقلارغا خېلى كۆپ پۇل لازىم بولاتتى. چۈنكى، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەتلىك خەلق 2- دوختۇرخانىسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12- دوختۇرخانىسى قاتارلىق جايلاردا بىرنەچچە قېتىمدا ئۈچ ئايغا يېقىن بالنىستتا يېتىپ داۋالاندى.

جاۋابكار مۇسا ھېيىت Q شەھىرىگە باشقا يۇرتتىن كەلگەن بولۇپ، ئادەتتە كىشلەرگە ياللىنىپ يۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان يېتىمچى بولغاچقا، بۇ چىقىملارنى تۆلىگۈدەك قۇربى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىساتىدا بار ئىقتىسادىنى يىغىپ - تۆشەپ ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا يېلىنىپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپكە ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ 1800 يۈەن تۆلەپ بېرەلىدى. بىراق، ئابدۇرېشىتنىڭ داۋالىنىپ ساقىيىشىغا نەچچە ئون مىڭ يۈەن كېتەتتى، ئابدۇرېشىتنىڭمۇ قولى قىسقا ئىدى، شۇڭا ئۇ تولۇق داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى يوتىسىدىن كېسىۋېتىلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئائىلىسى نەچچە ئون مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلدى، لېكىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمىدى.

Q شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى قانۇن بويىچە ئوچۇق سوت قىلىپ، جاۋابكار مۇسا ھېيىتنىڭ قىلمىشىدىن « قەستەن زەخىملەندۇرۇش ( ئېغىر زەخىمە ) » جىنايىتى شەكىللەندۈرۈش، جاۋابكارنىڭ جىنايىتىگە توۋا قىلىش، پۇشايمان قىلىش ئىپادىسى ياخشى بولغان بولسىمۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەش ئىپادىسى پاسسىپ بولغاچقا، ئابدۇرېشىت ۋاقتىدا داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، كېسىۋېتىشكە تېگىشلىك بولمىغان پۇتى

كېسەۋېتىلگەن ھەمدە مېيىپلىك دەرىجىسىنىمۇ باھالىتالمىغان، ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان دەپ قاراپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 234 ـ ماددا 2 ـ تارمىقى، 36 ـ ماددىسى، « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى » نىڭ 119ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جاۋابكار مۇسا ھېيتقا مۇددەتلىك 7 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە ھەق تەلەپ قىسمىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن جەمئىي 24 مىڭ 663 يۈەن تۆلەشكە ھۆكۈم قىلدى.

كىچىككىنە ئىشتىن چىققان بۇ غالجىرلىق ئىككى ياشنىڭ ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلدى. ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ئېغىر غەمـ قايغۇغا سالدى، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالدى.

شۇنى تەكىتلىمەي بولمايدۇكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ھەقىقەتەن ھاراق ـ شارابتىن، ئۇلتۇرۇپ ـ قوپۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، لېكىن تۆت تەڭگە پۇل تاپسىلا قاۋاقخانىغا يۈگۈرەيدىغان، پۇخادىن چىققۇچە ئىچىدىغانلارنىڭ ئەتراپىدا خېيىم ـ خەتەر ھەر ۋاقىت مەۋجۇت. ئۇلار تۆلەيدىغان بىھۇدە بەدەلمۇ ئاز بولمايدۇ. بۇنداق نەسلىك، پېشكەللىك ئەقلىنى ئوغرىلاپ كېتىدۇ. ئەقىل ئوغرىلانسا، ئادەم ئۆزىنى يوقىتىپ، مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالىدۇ، ئۆز بەختىنى بەربات قىلىدۇ. بۇ بىزگە ساۋاق! ھەر قېتىم هاراقىقا ئېغىز تەگكەندە بۇ سەمىمىزدە بولسۇن!

2007ـ يىل 4ـ ئاي

# قايتا قامالغان نادان

هاياتلىق سەپىرىمىزدە تۈرلۈك ـ تۈمەن زىددىيەتلەرنىڭ سىناقلىرىغا، تاسادىپىي بەختسىزلىكلەرگە، ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ۋە تاسادىپىي خۇشاللىقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. ياشاشنىڭ ئۆزى كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر. ئىرادىلىك ۋە جۈرئەتلىك كىشىلەر بۇ كۈرەشكە يۈزلىنىپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ ۋە تۇرمۇشقا ئىشەنچ بىلەن قاراپ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى خۇشاللىققا، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرالايدۇ. « بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن » دەيدىغانلار تەييارغا ھەييار بولۇپ، پۈتۈن ئۈمىدىنى باشقىلارغا باغلاپ، چۈشكۈنلىشىپ تەلۋىگە ئايلىنىدۇ، جىنايەت پاتقىقىغا پاتىدۇ. نۇرئېلى تۇرغۇن مانا موشۇنداقلارنىڭ تىپىك مىسالى.

نۇرئېلى تۇرغۇن 28 ياشقا كىرگەن، R ناھىيەسىنىڭ بازار ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ياش بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن بۇرۇنلا يېتىم قالغان، تۈزۈكرەك تەربىيەمۇ كۆرەلمەي، كىچىكىدىنلا كوچا ـ كويلاردا بېشى قايغان، پۈتى تايغان يەرلەردە يۈرۈپ چوڭ بولغان. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، بىر تۇغقان ئاچىسى گۈزەلنۇر تۇرغۇن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.

گۈزەلنۇر ئىنىسى نۇرئېلىدىن 6 — 7 ياش چوڭ بولۇپ، ئۇلارغا جان كۆيدۈرگۈدەك ئادەممۇ يوق ئىدى. گۈزەلنۇر رەسىدە بولغاندىن كېيىن تۇرمۇشلۇقمۇ بولدى، لېكىن ياش تۇرۇپلا تۇل قېلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. نۇرئېلى بولسا

ئەتىدىن كەچكىچە داپ داراڭلىغان، ئىشەك ھاڭرىغان يەرلەردە تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىپ يۈرۈپ، ئۆيىنىڭ ھېچقانداق چىقىمى بىلەن كارى بولمايتتى، ئائىلىنىڭ پۈتۈن دەردىنى گۈزەلنۇر تىجارەت قىلىپ تاپقان ئازغىنە پۇلى بىلەن قامدايتتى ھەمدە «ئاغىنىلىرى ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن» دەپ تاپقىنىنى ئىنىسىدىن ئايىمايتتى. نۇرئېلى بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، ھەدىسىنى « پۇل بەرمىدىڭ، ئۇنى قىلىپ بەرمىدىڭ، بۇنى قىلىپ بەرمىدىڭ » دەپ قاقشىتىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئىككىيلەن پات ـ پات جېدەللىشىپ قالاتتى. نۇرئېلى توساتتىن بىر موتوسىكلىتنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ، ھەدىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بولۇۋالدى. «كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە » دېگەندەك، گۈزەلنۇرنىڭ يېنىدا نەدىمۇ موتوسىكلىت سېتىۋالغۇدەك پۇل بولسۇن ؟ بىراق، ئۇنىڭ تەڭقىسلىقىنى نۇرئېلى ئازراقمۇ چۈشەنمەيتتى. موتوسىكلىت ئاتلىق جىن چاپلىشىۋالغاندەك، ھە دېسە موتوسىكلىتنىڭ غەلۋىسىنى قىلاتتى.

2006 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ30 ـ كۈنى كەچ، خەجلەي دېسە يېنىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى قالمىغان نۇرئېلى سىرتقىمۇ چىقماي، خام تاماكىنى بولۇشىغا تارتىپ بىر كۈن ياتتى، كەچ كىرگەنچە ئۇنىڭ ئىچى سىقىلدى، ۋاقىت ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ قەدەر ئەھمىيەتسىز ئىدى، ئۇ ئاچچىقىنى تاماكىدىن ئالماقچى بولغاندەك، سېسىق موخوركىنىڭ ئاچچىق ئىسىنى بولۇشىغا تارتىپ ئولتۇرغاندا ئاچىسى سىرتتىن كىردى. ئۇ نۇرئېلىگە بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي دېگۈچە، نۇرئېلى ئاچىسىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ ھۆرپەيدى :

ـــ موتوسىكلىتنى زادى ئەپ بېرەمسەن ـ يوق؟ ـــ دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن.

گۈزەلنۇر سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى :

ـــ ئۇكام، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ مەنمۇ ساڭا بىر موتوسىكلىت ئەپ بېرىشنىڭ غېمىدە جاپا تارتىۋاتىمەن، ھازىرچە

ئۇنچىۋالا پۇل يوق، پۇلنىڭ يولىنى قىلسامىلا......

— كۆتۈر، ئۇنداق ئاقماس گەپنى قىلما! موتوسىكلىتنى ئەپ بەرمەيسەن، شۇنداقمۇ؟ بولىدۇ، مەن بۇگۈن بۇ ئۆينى دوزاخقا ئايلاندۇرمىسام ھېساب ئەمەس، قاراپ تۇر.

نۇرئېلى شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەيلا ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر بوتۇلكا بېنزىننى كۆتۈرۈپ كېلىپ گۈزەلنۇرغا :

— مانا ئەمىسە، ئۆلە قانجۇق، — دېدى - دە، ھېچ ئىككىلەنمەستىن بېنزىننى گۈزەلنۇرنىڭ ئۈستىباشلىرىغا چاچتى، ئارقىدىن يانچۇقىدىكى چاقماقنى ئېلىپ ياقتى. ھېچ ئىشنى ئاڭقىرالماي داڭ قېتىپ قالغان گۈزەلنۇر بەدىنىنىڭ ۋاژىلداپ ئېچىشىشى بىلەن ئېسىگە كېلىپ قاتتىق چىرقىراپ كەتتى :

— ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار !

دەل شۇ چاغدا ھويلىدا پەيدا بولغان توختى تۇرۇپ دەرھال كېلىپ نۇرئېلىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى، چۈنكى نۇرئېلى يوغان بىر پىچاقنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نالە - پەرياد قىلىپ يۇمىلاپ يۈرگەن گۈزەلنۇرغا غالجىرلىق بىلەن شىلتىۋاتاتتى. ھويلىدا كۆتۈرۈلگەن قىيا - چىيانى ئاڭلىغان قوشنىلار ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ، بىر تەرەپتىن گۈزەلنۇرنىڭ بەدىنىدە خۇددى كىنولاردىكىدەك لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن تېخىغىچە توختى تۇرۇپ بىلەن تۇتۇشۇۋاتقان نۇرئېلىنى تارتقۇچلاپ تىز پۈكتۈردى.

گۈزەلنۇر ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا 37 كۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك باشقا دوختۇرخانىدا 15 كۈن داۋالاندى. ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قانۇن دوختۇرلۇق ئورنى ئۇنىڭ زەخمىسىنى باھالاپ « زەخىملەنگۈچى گۈزەلنۇرنىڭ باش، يۈز، بويۇن، كۆكرەك، ئىككى قول ۋە بىلەك قاتارلىق كۆپ جايلىرى 2- دەرىجىلىك كۆيۈك، ئوڭ بىلىكى 3 - دەرىجىلىك كۆيۈك بولۇپ، ئېغىر زەخمىگە

كىرىدۇ » دەپ يەكۈن چىقاردى. ناھىيەلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسى تەكشۈرۈپ، « 8 ـ دەرىجىلىك مېيىپ » دەپ باھالىدى.

جاۋابكار نۇرئېلى يۇقىرىقى جىنايى قىلمىشى ئۈچۈن 2006ـيىل 10ـ ئاينىڭ 2ـ كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىلىپ، شۇ يىلى 11ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنى ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى. 2007ـ يىل 3ـ ئاينىڭ 22ـ كۈنى تەشكىل زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى گۈزەلنۇرنىڭ ئىلتىماسى، نۇرئېلىنىڭ تووۋا قىلىش، پۇشايمان قىلىش ئىپادىسىنىڭ ياخشىلىقى ۋە گۈزەلنۇرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئېھتىياجى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى ئائىلىسىگە كېپىللىككە بەردى.

گۈزەلنۇر بىلەن توختى تۇرۇپ ئەسلىدە بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، بىر دېمەتلىكلەردىن بولۇپ، بورۇندىنلا ئۆزئارا سالام ـ سەئەت قىلىشىپ ياخشى ئۆتەتتى، ئۇلار ئىلگىرى نىكاھتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتەك ئورتاق قىسمەتكە دۇچ كەلگەن بولغاچقا، يېقىندىن بېرى ئۇچرىشىپ قالسىلا بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭدىشىپ، ھال ـ مۇڭ قىلىشىپ يۈرۈۋاتاتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى نېمە ئۈچۈندۇر نۇرئېلىنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى، ئۇ كۆڭلىدە بۇ ئىشلارنى قانداق بىر ياقلىق قىلىشنى تولا ئويلاپ رەللە بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭچە، ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەدەپ ـ ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئەل ـ ئاغىنىلەر ۋە قوشنىلار ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىك بولاتتى، شۇڭا ئۇ ئاخىر ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بىر بېرىپ قويۇش قارارىغا كېلىپ، بىرەر ئەپلىك پەيتنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھېلىقى كۈنى ھەدىسىگە قول سېلىشىدىمۇ مۇشۇ خىل ئىدىيەنىڭ تەسىرى مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

ـــ ھەي ئىسىت، « ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى»

دېگەندەك، ئاچامغىلا كۈچۈم يەتسە مېنىمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ كەينىگە سايىدەك ئەگىشىۋالغان ئادەم توختەك تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويمايمەن؟ ئالدىرىماي تۇر توختەك، سېنىڭمۇ ئەدىپىڭنى يەيدىغان كۈنۈڭ كېلىدۇ تېخى.

ئۇ مانا شۇلارنى ئويلاپ يۈرەتتى، قاماقخانىدىكى مەزگىلدە قاتتىق تۇۋا-پۇشايمان قىلغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي توختى تۇرۇپتىن كۆردى.

جاۋابكار نۇرئىلى كېپىلگە بېرىلگەندىن كېيىن ئاچىسىنىڭ ھالىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋەر ئېلىپ تۇردى، توختى تۇرۇپىمۇ پۇرسەت بولسىلا ئۇنى - بۇنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، گۈزەلنۇرنى يوقلاپ تۇردى ۋە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدى، ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلى نۇرئېلىنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ سەت كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

2007 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن توختى تۇرۇپ دەرۋازىسى ئالدىدا موتوسىكلىتىنى مىنىپ بىر يەرگە ماڭاي دەپ تۇراتتى، نۇرئېلى ئىچىدە « پۇرسەت كەلدى » دەپ ئويلاپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان پىچاقنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، توختى تۇرۇپنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇيدۇرماي كەلدى- دە، تەييارلىقسىز تۇرغان توختى تۇرۇپنىڭ بىقىنىنى كۆزلەپ پىچاق ئۇرۇپ، ئاندىن ئالدى-كەينىگە قارىماي بەدەر تىكىۋەتتى. بەختىگە يارىشا پىچاق توختى تۇرۇپنىڭ بىقىنىغا كىرمەي، ئوڭ بىلىكىگە سانجىلغانىدى. توختى تۇرۇپىمۇ دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا يانفون ئارقىلىق دېلو مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، دوختۇرخانىغا ئاپىرىلدى. جاۋابكار نۇرئېلىمۇ شۇ كۈنى قولغا چۈشۈپ، قايتىدىن قامالدى.

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توختى تۇرۇپ R ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى دوختۇرلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قوراللىق

ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش دوختۇرخانىسىدا داۋالانغان بولسىمۇ، سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلمەي، زەخىملەنگەن قولىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، نورمال ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتتى.

ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قانۇن دوختۇرلۇق ئورنى باھالاش ئارقىلىق «زەخىملەنگۈچى توختى تۇرۇپنىڭ ئوڭ قول جەينەك بوغۇم ئالدى ۋە ئارقا يان تەرىپىدە 9 سانتىمېتىر ۋە 6 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەخىم ئىزى بار، ئوڭ قول بېغىش بوغۇمى ۋە بەش بارماقنىڭ ھەرىكىتى چەكلىمىگە ئۇچرىغان، ئېغىر زەخىمگە كىرىدۇ» دەپ يەكۈن چىقاردى. ناھىيەلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسى «9- دەرىجىلىك مېيىپ» دەپ باھالىدى.

جاۋابكار نۇرئېلىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە سۆز-ھەرىكىتىدە نورمالسىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ قالاتتى، بەزىدە گەپ- سۆزلىرى شۇنداق ئورۇنلۇق بولسا، بەزىدە سەۋەبسىزلا كۈلۈپ كېتەتتى، بەزىدە تاققا-تۇققۇ گەپلەر بىلەن كىملەرنىدۇر تىللايتتى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە كۆرۈلگەن بۇ ئالامەتلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭ نېرۋا ھالىتىنى شىنجاڭ بوستان قانۇن دوختۇرلۇق ئىلمى بويىچە ئەدلىيەلىك باھالاش، تەكشۈرۈش مەركىزىگە ئاپىرىپ تەكشۈرگەندە، ئۇلار «نېرۋىسىدا ئېلىشىپ قېلىشنىڭ قالدۇق ئالامەتلىرى بار، جىنايى ئىشلار بويىچە قىسمەن جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە» دەپ يەكۈن چىقاردى.


«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 18- ماددىسىدا، «روھىي كېسەللەردىن ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭقىرالمايدىغان ياكى كونترول قىلالمايدىغان بولۇپ قالغاندا، زىيانلىق ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىقى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە باھالاپ بېكىتىلگەنلىرى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ،

لېكىن ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياكى ۋەسىيلىرىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا ۋە داۋالىتىشىغا بۇيرۇلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ھۆكۈمەت مەجبۇرىي داۋالىتىدۇ. ئارىلاپ تۇتۇپ قالىدىغان روھىي كېسەللەردىن روھىي ھالىتى نورمال چاغلاردا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭقىرىش ياكى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق يوقاتمىغان روھىي كېسەللەردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، لېكىن ئۇلارغا يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ......» دەپ بەلگىلەنگەن.

R ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى قانۇن بويىچە ئوچۇق سوت قىلىپ، جاۋابكار نۇرئېلىنىڭ قىلمىشىدىن «قەستەن ئادەم زەخىملەندۈرۈش (ئېغىر زەخىم)» جىنايىتى شەكىللىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاچىسى گۈزەلنۇرغا بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇپ ئېغىر زەخىملەندۈرگەن، توختى تۇرۇپقا پىچاق تىقىپ ئېغىر زەخىملەندۈرگەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي زىيىنى ناھايىتى كۆپ ، لېكىن زىياننى تۆلىمىگەن، شۇڭا قانۇن بويىچە ئېغىر جازا بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى، لېكىن جاۋابكار جىنايەت سادىر قىلغاندا نېرۋا ھالىتى نورمالسىز، جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلىقتىن، قانۇندا بەلگىلەنگەن جازا چېكى دائىرىسىدە يېنىك جازا بېرىشكە بولىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان قىسمىنى قانۇن بويىچە قوللاشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 234_ ماددا 2_ تارمىقى، 18_ ماددا 3_ تارمىقى، 36_ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ

119ـ ماددىسى، « ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىسمانىي زىيان تۆلەم دېلولىرىنى سوت قىلىشتا قانۇننى تەتبىقلاشقا ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىزاھاتى » نىڭ 17ـ، 19ـ، 23ـ، 25ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جاۋابكار نۇرئېلىغا مۇددەتلىك ئۈچ يېرىم يىللىق قاماق جازاسى بېرىش؛ قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋاگەر ( زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ) گۈزەلنۇرنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن 73 مىڭ 602 يۈەن 83 پۇڭ، دەۋاگەر (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى) تـوختى تۇرۇپنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن 50 مىڭ 429 يۈەن 95 پۇڭنى تۆلىتىپ بېرىش توغرىسىدا ھۆكۈم قىلدى.

2007ـ يىل 5ـ ئاي



本文学汇编主要反映近几年来在我区发生的一批刑事案件 。用文学语言对每个案件的各个环节做了详细的叙述。

مەسئۇل مۇھەررىرى : گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : قەمبەرگۈل ئوسمان

# ئازغۇنلار

ئاپتورى: ئەركىن ئابلىمىت ئاتچاپا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 84400)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880م م 1/32، باسما تاۋىقى: 5
2010 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 ـــ 1

ISBN 978-7-5373-2012-2

باھاسى: 13.80 يۈەن

قىتئە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون
دەرىجىلىك «ئىلغار خىزمەتـ-
چى»، «خەلق رازى بولغان
سودىيە»، «دۆلەت ئىشلەش ما-
ھىرى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.
ئەركىن ئابلىمىت ئاتچاپا
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان
مەزگىلىدە «مېنى تەنقىد قىـ-
لىڭلار» ماۋزۇلۇق تۇنجى ھېـ-
كايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجا-
دىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇ بىر
تەرەپتىن ئۆز كەسپىنى بېرىلىپ
ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن
ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ، 500 پارچىدىن ئار-
تۇق ھېكايە، پوۋېست، ئەدە-
بىي ئاخبارات، شېئىر ۋە قانۇنـ-
چىلىق بىلىملىرى ھەققىدە
تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئەسەرلە-
رىنى ئېلان قىلدۇرغان، بىر
قىسىم ئەسەرلىرى مۇكاپاتلارغا
ئېرىشكەن. ئاپتورنىڭ «ئاز-
غۇنلار» ناملىق بۇ كىتابىغا
يېقىنقى يىللاردىن بېرى يۈز
بەرگەن تىپىك جىنايى ئىشلار
دېلولىرىنى ئاساس قىلىپ ياز-
غان بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخـ-
باراتلىرى كىرگۈزۈلدى.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس



ISBN 978-7-5373-2012-2

(民文)定价：13.80元